# سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر

مۇجىببۇل راخمان ئەركىم نىڭ يازمىللىرىدىن

**1. سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر**..............2ـ بەت

**2. سېرىق ئۇيغۇرلار قۇمۇلدا**..................24ـ بەت

3. خېنەندىكى ئۇيغۇرلار ..................38ـ بەت

# سىرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر

ـــ مۇجەبۇل راخمان ئەركىم

(«قومۇل ئەدەبىياتى»2011ـ يىلىلىق5ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

چىڭگىزخان ئىستېلاسى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىشقا باشلىغان مەزگىللەردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقلىرى دەۋرلىرىدە بولسۇن، بىزنىڭ جەڭگىۋار ئەجداتلىرىمىز ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن يىراقلارغا يۈرۈش قىلغانكەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلاردا ھەر خىل مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىغانكەن. بۇ سەلتەنەتلىك تارىخىمىزنىڭ قىسمەن قان ـ ياشلىق ئۆتمۈشىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئىزناسى بولۇپ، يېقىندىن بېرى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار مەتبۇئاتلىرىمىزدا كۆپىيىپ قالدى.

دۇنيادا تىل ـ يېزىقى، ئېتىقادى، جۇغراپىيىلىك ياشاش مۇھىتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى بولغان مىللەت مەڭگۈ يوقالمايدۇ! بىز ئۇيغۇرلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر يېزىق قوللانغان، شەھەرلەرشكەن مەدەنىيەتلىك مىللەتمىز.

ئورخۇن ـ ئىنەساي ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى(682ـ 745ـ يىللار)نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈرك ـ رونىڭ يېزىقى ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق دەۋر قوللانغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بىلەن«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر دەۋرىگىچە، يەنى15ـ ئەسىرگىچە، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردا بولسا17ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەرقتە

ياپون دېڭىزىدىن، غەربتە ياۋروپاغىچە بولغان دائىرىدە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇنداق كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشى ۋە تارقىلىشىغا ئىچكى ئاسىياغا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن مۇڭغۇللارنىڭ ئىستېلا ھەركىتى سەۋەبچى بولغان. چۈنكى، مۇڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققان چاغدا، ھاكىمىيەت مەمۇرىيەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىگە تايانغان. شۇڭا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زىمىندا ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ قوللىنىلىپ، تۆت ئەسىر دەۋر سۈرگەچكە، پارس تارىخچىسى ئەتامەلىك جۈۋەينى«ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىم بىلەن ئىلىمنىڭ چوققىسى قىلىۋالدى»دەپ زارلانغان. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ۋە پارس يېزىقى بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئۈچ خىل دىپلوماتىيە يېزىقى بولغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى،15 ـ، 16 ـ ئەسىردە ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى ئوردىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ئىشلار مەجلىسى بولغانلىقى ۋە13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كورىيە (چاۋشيەن)دە ئىككى ئەسىر ھۆكۈمەت يېزىقى بولۇپ قوللىنىلغانلىقىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى (840 ـ 1035)دەۋرىدىن باشلاپ شۇ يەردە قېلىپ قالغان ھە مكېيىن غەربىي دىياردىن كۆچۈپ كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تاكى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ( بەزى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە ۋە يەرلىكلەرنىڭ دېيىشىچە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)قوللىنىلغان.

سۈنەنگە سەپەر

2011 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ20 ـ كۈنى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا خىزمەت قىلىدىغان ياش تارىخچى ئابلىز ئورخۇن ئاكام، قومۇل سەنئەت ئۆمىكىنى تالانتلىق مۇزىكانتى ۋە ناخشىچى غالىپ ئەرشىدىن ئاكام، ئاپتونوم

رايون دەرىجىلىك مۇقام ۋارىسى ۋە داستانچى ئىبراھىمگاڭ ياقۇپ، بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئونىۋېرسىتىتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇمىدلىك ياش ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇرى ۋە مەن قاتارلىق بەش كىشى ئوت ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىدىن قالغان ۋە مىڭ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گەنسۇنىڭ تاغلىق زېمىنلىرىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان قېرىنداشلىرىمىز سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى سۇنەنگە قاراپ ئاتلاندۇق. توققۇز سائەتتىن كېيىن قامچى(جاڭيېنىڭ سېرىق ئۇيغۇرچە نامى) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. قامچىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ لۇڭسارغول بويىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا ھاياجان بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ جەرياندا ماڭا ئۇچرىغان كىشىلەر خۇددى تونۇشتەكلا كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇلار باشقا مىللەت بولۇپ چىقاتتى. بۇ چاغلاردا مەن تۇرۇپلا تارىخ بېتىدىن ئون ـ تىنسىز غايىب بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مىليونلىغان قەدىم پۇقرالىرىنىڭ بىرەرىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كەپ قالتتىم.گەنسۇ ـ سۇنەن يۇغۇر ناھىيەسىگە بېرىپ تۆمۈر ئەپەندىم، ئەن يۇلىڭ (ئەنجاڭ قەبىلىسىدىكىلەر«ئەن» فامىلىسىنى قوللىنىدىكەن)، ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ ئانىسى 72ياشلىق چۈمۈتار مومايلارنىڭ ئاغزىدىن شۇنى ئىشىتتىمكى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنغان قۇم ئاپتىدىن قېچىپ كۆچۈپ كەلگەن يەتتە ئون ئاياق (يەتتە ئون يەتمىشنى، ئاياق تۈمەننى كۆرسىتىدۇ)سېرىق ئۇيغۇر نوپۇسى تارىخنىڭ قانلىق بەتلىرى ئاستىدا شىددەت بىلەن ئازىيىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئارانغىنا بىر يېرىم تۈمەن(ئونبەش مىڭ) قالغانىكەن. بۇ جەرياندا خەنزۇلىشىپ، تىبەتلىشىپ، مۇڭغۇللىشىپ كەتكەنلەرمۇ كۆپ ئىكەن. سېرىق ئۇيغۇرلار شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، شەرقىي تارماقتىكىلەر مۇڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بىز

سۇنەنگە بېرىپ بىرمۇ غەربىي سېرىق ئۇيغۇرنىڭ ساپ ئانا تىلىدا سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىيالمىدۇق. ياشلار سۆزلەشنى خالىمايدىغان بولۇپتۇ. قېرىلارمۇ ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ. بىراق، ئارسلان ۋە ئەن يۇلىڭ جاتارلىقلارنىڭ ئانا تىلىنى قۇتقۇزۇش، ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرى بىزنى تەسىرلەندۈردى.

بىز8 ـ ئاينىڭ21 ـ كۈنى سەھەر ئۈرۈمچى ۋاقتى8:50 ئۆتكەندە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان لۇڭسارغول بويىدا ئاپتۇبۇستىن چۈشتۇق. سەپەردە بەك چارچاپ كەتكەچكە ياتاقتا ئورۇنلىشىپلا ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق. ھېلىمۇ ياخشى مۇشۇ چەت تاغلىق ناھىيىدىمۇ مۇسۇلمانلار ئاشخانىلىرى باركەن. چۈشتىن كېيىن ئالاقىلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇر كىشىلىرى بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ بولۇپ، سىرتلارغا چىقىپ ئايلاندۇق. ھەممىمىزلا يولدا ئۆتۈپ ـكېچىۋاتقان سىيمالارنى نەلەردىدۇر كۆرگەندەك، بىزگە تونۇشتەك ھېس قىلىشماقتىمىز. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى ھەيۋەتلىك ئىلى، ئالتاي، قومۇل تاغلىرىنى، غوللىرى قارلۇقغول، ئۇيغۇرغول، قاراغوللىرىنى، يايلاقلىرى كۈنەس، بۆرتالا، قومۇل ئاقتاش، باركۆل يايلاقلىرىنى، ئېدىر ـداۋانلىرى باغداشنى ،ئارتامنى، ياداڭلىرى قارادۆۋە ئەسكىشارنى ئەسلىتەتتى. بۇ يەرگويا كىچىكلىتىلگەن غەربىي دىيارنىڭ ئۆزى ئىكەن، دېگەن ئورتاق ھېسياتقا كەلمەكتىمىز. قەدىمكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ دانا ئاقساقاللىرى كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان گۈزەل زېمىننى تاللىۋالغان ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ قالدۇق. سۇنەنىنىڭ ھاۋاسىمۇ بىزنىڭ ئاراتۈرك، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاۋاسى بىلەن پەرقلەنمەيدىكەن، تۆت ئەتراپنى ياپيېشىل تاغ ـ داۋانلار ئوراپ تۇرىدىكەن.

چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋاقت4:30لار ئەتراپىدا سۇنەن ناھىيەلىك سېرىق ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئارسلان بىلەن

ئىشخانا مەسئۇلى ئەن يۇبىڭ ئەپەندىلەر ياتىقىمىزغا كېلىپتۇ. ئەگەر ئۇلارنى شىنجاڭدا كۆرگەن بولساقمۇ ئۇيغۇرچە سالام قىلغان بولاتتۇق.

بىز ئەن يۇلىڭ ئاچىغا كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلغىنىمىزدا كېلىشىمىزدىن ئالدىن خەۋىرى بولغاچقا بىزنىڭ تېلېفۇنىمىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. هايال ئۆتمەيلا مېهمانانىغا بىزنى ئالغىلى كەلدى. بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۆي ئىچى پاكىزە سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. شىمال تامدا بەنچەن لامانىڭ سۈرىتى ۋە بىر بۇتنىڭ هەيكىلى تۇراتتى(سېرىق ئۇيغۇرلار تىبەت لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ هەممىسى سالامغا كىرىپ، سېرىق ئۇيغۇرچە«سەن ياخشىمۇ؟» دەپ بىز بىلەن ئەهۋاللاشتى. ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە ئالدىمىزغا سۈتچاي كەلتۈردى. ئۇنىڭغا سارىغ ياغ، تالقان، چۆرمى(ئۇۋۇتىلغان مۇچولۇ) سېلىنىدىكەن. داستىخانغا كۆمزە(نان)، مېۋە-چېۋە كەلتۈردى(سېرىق ئۇيغۇرلار نەشپۈت، شاپتۇللارنى بىراقلا ئالما دەپ ئاتايدىكەن). ئۇلار بىزنى توختىماي چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. چايدىن كېيىن ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىبراهىمگاڭ ئېيتقان قومۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بىزمۇ ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ ئانىسى چۈمۈتار موماي ئېيتقان، سېرىق ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن بۇيان ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېيتىپ كېلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ مىڭ يىللىق قان-يېشى، دەرت-هەسرىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان «شىجى، خاجى» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىمىزنى تەستە تۇتۇپ ئولتۇردۇق( بۇ ناخشىدا ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ قۇم ئاپتىدىن قاچقانلىقى، سەپەردىكى جاپا-مۇشاقەتلىرى تەسۋىرلىنىدىكەن). ئەن خانىمنىڭ ئائىلە تەركىبى مۇرەككەب ئىكەن. ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ دادىسى تىبەت، ئانىسى سېرىق ئۇيغۇركەن. ئۇ كىشىمۇ سېرىق ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلگەچكە ئاردا هېچقانداق ياتسىراش بولمىدى. بىر كۈيۈسى تىبەتكەن.

دىنىي ئېتىقاد تۇپەيلىدىن تىبەتلەر ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن يېقىن تۇرىدىكەن. ئەمما، ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۈنى،ئەتىسى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىدىن ئۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىنى ھېس قىلىۋالغىلى بولاتتى. نەۋرىلىرىگە ئانا تىلدا سۆزلەيدىكەن. ئۇ بىزگە يەنە، ئەگەر كوچىدا ئىككى ـ ئۈچ سېرىق ئۇيغۇر ياشنىڭ باشقا تىلدا سۆزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇلار ئېرىنمەستىن«ھەي ئۇيغۇرلۇرۇم، سېرىق ئۇيغۇرلار!(سېرىق ئۇيغۇرچە سۆزلە!)»دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن...ئەپسۇس، ھەر خىل دەۋرلەردىكى بېسىم ۋە قىسمەتلەر سەۋەبىدىن يېزىقى يوقالغىلى ئەسىرلەر بولغان بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۇلارغا بەكمۇ مۇشكۈل بولۇۋېتىپتۇ. ئۆز كەلگۈسى ھەققىدە توختالغاندا، ھەر بىر سېرىق ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىن ئىلاجىسىزلىق ياشلىرى تامچىلايدىكەن...

ئەن خانىمنىڭ ئۆيىدە بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن غول بويىدىكى تۆگىگانلار ئارامگاھىغا باردۇق. بۇ يەردىكى پاراڭلار ئارىلىقىدا ئاڭلىغان تونۇش سۆز ـ جۈملىلەر مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتىپ تۇراتتى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى سۆزلەر پەقەت قومۇل شېۋىسىدىلا ئۇچرايتتى. مەسىلەن: ئەن يۇلىڭ خانىملارنىڭ ئۆيىدە ئۇ تاۋۇز ـ قوغۇننى شىرەگە قويۇۋېتىپ بىزگە قاراپ: «غون يەڭلار»دېدى. قومۇل شېۋىسىدە قوغۇننى بىز «غون»دەپ ئاتايمىز.

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق قىلساق، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشاشلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ بايقىغان بولاتتۇق. ھازىر سېرىق ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل ئەدەبىي تىل بولمىغاچقا، سېرىق ئۇيغۇرلار تىلدىكى سۆزلۈك، رىۋايەت ، چۆچەك، ناخشا ـ قوشاقلارنى خاتىرلەشتە نۇرغۇن نۇقسانلار

مەۋجۇتكەن. لېكىن، تىلى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، تارىخى يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان قەدىمىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا، جۇڭگوغا تونۇتۇش ۋە مىللىتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا تەۋرەنمەي ئىزدىنىۋاتقان تۆمۈر ئەپەندىم، ئەن يۈلىڭ ،چۇمۇتار، ئارسلان، تو شياۋيۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توختاۋسىز تىرىشچانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدۇق. شۇ كۈنى تۇڭگانلارنىڭ ئارامگاھىدا ئۇرۇمچى ۋاقتى ئوندىن ئاشقۇچە بەزمە ـ نەزمە قىلىپ ئولتۇردۇق. ئايرىلىپ كەتكىلى مىڭ يىللاردىن ئاشقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجانلىق دەملەرگە شاھىت بولدۇق. بۇ جەرياندا ئەن يۈلىڭ خانىم، قىزى ئاينۇر، چۇمۇتار مومايلار قومۇل مۇقاملىرىنىڭ سېھرىدە ئېرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چاناقلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئاقاتتى...قەلبىمىزنى قانداقتۇر بىر خىل ئۆز ـ ئارا ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى قاپلىغان ئۇشبۇ دەقىقىلەردە، كۆڭۈل خەزىنەمىنىڭ پىنھانلىرىدا ئۇشبۇ قۇرلار ھاسىل بولۇشقا باشلىدى...

مىڭ يىللىق دىداردىن ئېرىگەن قەلب،
مىڭ يىللىق دەريادەك دولقۇنلاپ ئاقار.
مىڭ يىللىق ئازابقا دۇچار بىر خەلق،
مىڭ يىللىق ھىجراندا لاۋۇلداپ يانار.

### سۈنەندىكى چومەنلەر

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئات ـ ئۇلاغلىق بىر ئايدا ئاران بارىدىغان زېمىنلارغا بىز ئوت ھارۋىسى بىلەن 9سائەتتىلا كەپ بولدۇق. سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز باغرىدا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئەللەيلىگەن بۇ زېمىن كۆزىمىزگە بۆلەكچىلا ئىللىق كۆرۈنەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە مېنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم تۇيغۇمدا بىرىكىپ، بۇ يەردىكى ھەر بىر ئىنچىكە ھالقىلارغىچە گىرەلىشىپ كەتمەكتە. ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى تەبئىي ئاپەت ۋە

قىرغىزلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بىلەن يىمىرىلگەندە، بىر قىسمى داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ قاراخانىيلار ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىنى قۇرغانىدى.

ھازىرقى قامچى(جاڭيې )نى مەركەز قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يىپەك يولىنىڭ بوغۇزىدا 200يىلدەك دەۋران سۈرۈپ، 1028 ـ يىلى تاڭغۇتلارنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇملىرىدىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن ئاستا ـ ئاستا چېكىنىدى. ئەينى دەۋردە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى 300مىڭدىن ئاشاتتى. خاندانلىق گۇمران بولغاندىن كېيىن خاندانلىقنى قايتا تىكلەش، يۇرت ـ ماكانلىرىنى قوغداش يولىدا قان كېچىپ قىلىنغان تىنىمسىز كۈرەشلىرى ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇلغان كۆزۈنۈشلىرى قەلب ئېكرانىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. بۇ ئۆزگىرىشچان رەھىمسىز تارىخ ئۇلارنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىدى، تەبىئىي ئاپەت ۋە ۋابا دەستىدىن نەچچە مىليوندىن ئاشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يوقىلىش كەلمىشى ۋە قۇتۇلۇش كەچمىشى دەستىدە قاتتىق تېپىرلىماقتا.

گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىن قالغان ۋە كېيىنكى يىللاردا كۆچۈپ بارغان ئاشۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر گەنسۇنىڭ تەڭرى داۋان ئېتەكلىرىدە (سېرىق ئۇيغۇرلار چېلەنشەننى تەڭرى داۋان دەپ ئاتايدىكەن) قايتىدىن يۇغۇرۇلۇپ بۈگۈنكى جۇڭگودىكى سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇگۇ، يوغۇر)غا ئايلانغانىدى.

ئۇيغۇر ـ سېرىق ئۇيغۇر(يوغۇر)دەپ ئاتىلىپ قالغان، ئىككى خىل ئېتىقادتا تۇرىۋاتقان بۇ قان ـ قېرىنداشلاردىكى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئوخشاشلىقلاردىن سۆيۈنسەم، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلاملىرىغا سىڭىش بولۇپ كەتكەن مەنىۋىيىتىدە بار بولغان قىسمەن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇمنى يىغا قاپلايتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ھەر بىر ناخشىسى ئەجدات ۋە ئەۋلادنىڭ كۆز

يېشى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولغاچقا بەكمۇ ھەسرەتلىك ئىدى. تۈرك چالغۇلىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى سانىلىدىغان قومۇل غىرجەكنىڭ مۇڭلۇق مىلودىيىلىرىنى ئاڭلىغان سېرىق ئۇيغۇر قېرى-ياشلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى بىكارغا تۆكۈلمىگەنىدى، ئەلۋەتتە.

2011-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى سەھەردە، بىز بۇ يەردىكى ئابرويلۇق بىر جۈپ ياشانغان سېرىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئىشىكنى بىر بوۋاي ئاچتى. «سەن ياخشىمۇ ئاۋاكا»دەپ سالام بېرىشىمىزگە، يېشى 80 دىن ئاشقان بوۋاي ئارىمىزدىكى ئابلىز ئورخۇننى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى بولغاي«ۋوي، گەل،گەل» دەپ ئىشىكنى كەڭرى ئېچىۋەتتى. چۈنكى، ئابلىز ئاكاملار ھەر بارغىنىدا بۇ ئۆينى يوقلاپ ئۆتكەچكە، خۇددى ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك بولۇشۇپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار بىزنى كۆرۈپ پايپېتەك بولۇشۇپ، ھەش-پەش دېگۈچە تالقانلىق سۈتچاي، كۆمزە، مېچە-چېۋىلەرنى كەلتۈردى. ئاڭلىشىمىزچە، دەل شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ چوڭ كېلىنى تۇگەپ قالغىلى بىر ئايدىن ئاشقانىكەن. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئۆلۈم بولغان ئائىلىدە 100 كۈن قارىلىق تۇتىلىدىغان بولغاچقا، بۇ جەرياندا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پەرھىز تۇتىلىدىكەن. ئائىلىدە ئۆلۈم بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇلارغا قېرىلىق يەتكەنلىكتىنمۇ (چۈنكى، بوۋاي، ساقىس ئون شىكى 82، موماي يېدى ئون ساقىس 78 ياشقا كىرگىكەن)، ئەيتاۋۇر موماي-بوۋايلارنىڭ نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ياشلارغا خاس جۇشقۇن روھىي ھالىتى (ئابلىز ئورخۇنلارنىڭ سۆرەتلەپ بېرىشىچە) دىن ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. ئابلىز ئورخۇن دېگەندەك ئالدىنقى قېتىملاردا مېھمانلارغا تىنماي ھاراق قۇيۇپ، ھەر بىر رومكىسى ئۈچۈن بىر ناخشا ئېيتىدىغان موماي ئاردىكى بۇ ئېغىر كەيپىياتنى بېسىش ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ بىزگە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت سۆرەتلىك كىتابلارنى ئەپچىقىپ تۇتقۇزۇپ قويدى.

ھەقىقەتەن چاي ئارىلىقىدا موماي ـ بوۋاي سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاشۇ كىتابلاردىن بىلدۇق.

كىتابتا غەربىي ۋە شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغۇچى 20 نەچچە قەبىلىگە(ياغلاقار، خوراڭغات، ياغما،ساقىس، بەيئوتاغ، شىكانا...)ئائىت نۇرغۇن سۈرەتلەر بار ئىكەن. ياغلاقار قەبىلىسى ئۇلاردا قەبىلە ئاق ساقاللىرى چىقىدىغان «ئالتۇن ئۇرۇق» ھېسابلىنىدىكەن. تارىختا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىمۇ دەل مۇشۇ قەبىلىدىن چىقاتتى. سېرىق ئۇيغۇرلار سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغىلى ئاز كەم ئون ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ياغلاقار قەبىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى سەلتەنەتلىك شان ـ شەۋكىتىنى ئۇنتۇماپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى ئەينى دەۋرنىڭ تەلپى بويىچە بىر تۇتاش خەنزۇچىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز تىلىدا دىنىي ئىسمى، ئەركىلەتمە ئىسمى بولىدىكەن. موماي دۈمەن(تۈمەن) قەبىلىسىدىن بولغاچقا «دۇ»نى فامىلە قىلىدىكەن، شۇڭا تولۇق ئىسىم فامىلىسى دۇ گۈيىڭ، بوۋاي «ئەنجاڭ»قەبىلىسىدىن بولغاچقا«ئەن»نى فامىلە قىلغاچقا، ئىسىم ـ فامىلىسى ئەن تىيەنلۇ ئىكەن. مومايىنىڭ دىنىي ئىسمى ھامۇ سېرىن، كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىتىپ «چاغان قىز» (ئاق قىز مەنىسىدە ) دەپمۇ ئاتىغانىكەن. بوۋايىنىڭ دىنىي ئىسمى ستانزىن ئاراپتان ئىكەن.

بىز ئۈچۈن يېپيېڭى تۇيۇلغان بۇ دۇنيانى رەسىملىك كىتابتىن تېخىمۇ رەڭدار، ئوبرازلىق ھېس قىلىپ تەسىراتلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ تۇرغىنىمىزدا، موماي ئالدىمىزغا بىر قاچىدىن سۈيۇقئاش ( قومۇل تاغلىرىدىكى سۈيۇقئاشتىن قىلچىلىك پەرىقلەنمەيدىكەن، پۇرچاق سېلىنىپ ئېتىلىدىكەن)كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ بىزگە رەسىملىك كىتابلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇشى خۇددى بىزنى ئاشۇ بىر

قاچا ئىسسىق سۈيۈقئېشىغا تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈنلا بولغاندەك تۇيۇلدى.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈپ كەتكىلى خېلى ئەسىرلەر بولغان بولسىمۇ، بۇ قەبىلە شەكلىنى بىزنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلىرىمىز تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىپتۇ.

بىز قازا بولغان ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ قايتىپ چىقتۇق. بوۋاي-موماي كۆزى قىيمىغان هالدا بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

چۈشتىن كېيىن شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان تونۇلغان تارىخچى تۆمۈر ئەپەندىم(شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەنجاڭ قەبىلىسى بار ئىكەن. تۆمۈر ئەپەندىم ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى سېرىق ئۇيغۇرچىغا ئۆزگەرتىۋالغانىكەن)،ئارسلان ئەپەندىم (غەربىي ئۇيغۇر ئەنجاڭ قەبىلىسىدىن) قاتارلىقلار بىزنى مېهمانغا چاقىرىپتۇ.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مېهماندوستلىقى بىزدىن قېلىشمايدىكەن. هەر بىر سۆزىدە «جوۋاتتى، ئال، ئال، يې، ئىش» (جوۋاتتى سۆزى سېرىق ئۇيغۇرچىدا «رەهمەت، ئاۋارە قىلدىم»دېگەن مەنىدىكەن. قومۇلدىمۇ جۇۋاپلا، جۇۋاتتۇق شەكلىدە قوللىنىمىز) دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. مەيلى چوڭلار بولسۇن، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن كىشىنىڭ ئالدىدىن هەرگىز توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەيدىكەن. تاسادىپىي ئۆتمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزنى ئالىدىكەن. ئۇلارمۇ بىزدەكلا مېهمانغا چوقۇم تۆردىن ئورۇن راسلايدىكەن، چوڭلارنى هۆرمەتلەيدىكەن...بىز تۆمۈر ئەپەندىملەر بىلەنمۇ ئۇزاق-ئۇزاق قانماي مۇڭداشتۇق. ئارلىقتا سىرتقا چىقىپ كېچە ئاسمىنىغا ئۈزاقلارغىچە باقتىم، يىراقتىن لۇڭسارغولنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ گۈركىرەپ ئىقىشلىرى ئاڭلىناتتى. قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان هەيۋەتلىك تەڭرى داۋان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار ماڭا نىمىنىدۇر پىچىرلىماقتا...خۇددى يۇرتۇمدا قالغان تەڭرىتاغدەك...

بۈگۈنكى داستىخاننى بىزگە راسلىغان شەرقىي سىبىق ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشىلىرى مۇڭغۇل ناخشىلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. . .بىراق، ئۇنىڭغا سىڭگەن قەلب تارلىرىمنى تىترىتىۋەتكەن ھەسرەتلىك مىلودىيە ماڭا ناھايىتى تونۇش ئىدى، بەلكىم، مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردا بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئىىر ـ ئىىرلىغاندۇ(ناخشا ئېيتقاندۇ).مۇزىكانت، ھەم ناخشىچىمىز غالىب ئاكام ۋە مۇقامچى ئىبراھىمگاڭلار كەسپىي سەنئەتكارلار بولغاچقا، ئۇلار بىزدىن نېرى ھېسياتلار ئىلكىدە كۆيلەر كۆللىرىگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسلۇق يېرى، سىبىق ئۇيغۇرلاردا ھېچبىر چالغۇ ساقلىنىپ قالمىغانكەن، بەلكىم باشلىرىغا توختاۋسىز ياغقان ئاپەتلەر ئۇلارنىڭ چالغۇلىرىنى يوقىتىۋەتكەندۇ. شۇ كەچلىك ئولتۇرۇشتا سۇنەن يوغۇر ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن ئىككى ئارتىس ئىچىدىن بىر قىزنىڭ قەبىلىسىنى سورىغانتىم، نىمە دېدى دېمەمسىز؟«مەن چومەن قەبىلىسىدىن»دەيدۇ. ئاڭلاپ ئۆزەمنى ئاران تۇتىۋالدىم ـ دە، يەنە قايتىلاپ سورۇدۇم.

ـ سىز قايسى قەبىلىدىن؟

ـ مەن چومەن قەبىلىسىدىن.

ـ ھە؟!

ـ قومۇلدىمۇ «چومەن»دەپ بىر جەمەت كىشىلىرى بار! سىلەر بىلەمسىلەر؟ بۇ چاغدا تاغدەك سۆكۈتلەر ئىلكىدە ئولتۇرغان تۆمۈر ئەپەندىم گەپكە قېتىلىپ:

ـ ھە، قومۇلدا«چومەن»دېگەن جەمەت باركەن ـ دە؟ بۇ بەك ياخشى بايقاش بولدى، بۇنى چوقۇم تەتقىق قىلىشىمىز كېرەككەن،ـ دىدى. سورۇندىكى ھەممىمىز ھاياجانلىنىپ كەتتۇق. دېمىسىمۇ «قومۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا

كۆپ تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولغان «چومەن» جەمەتى ھەققىدىكى ماقالىلەرگە ئەمدى جاۋاپ چىقىدىغان بولدى ئەمەسمۇ. قومۇلدىكى «چومەن» دېگەن ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە بىر نەچچە خىل كۆز قاراش بار. بۇ «چومەن»دېگەن مۇبارەك ئاتىنىڭ يىراق سۇنەندىكى ئۇلۇغ ئەجداتلىرىنىڭ قەبىلە نامىنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بايقىلىشى بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ زور خوشاللىق. ھەممىمىزگە مەلۇم، قومۇلدا قارلۇقلار، جەنبەگلەر، كۆچەكلەر،(كىشلەر خاتا ھالدا كۆچەت دەپ تەلەپپۇز قىلىۋاتىدۇ) ئابداللار قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرىنىڭناملىرى ھېلىغىچە جەمەت لەقىمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىر قېتىملىق سۆھبەتتە قومۇلدىكى داڭلىق شائىر سەمەت ئابدۇراخمان قوچىغۇن ئەپەندىم «ئاراتۈركنىڭ باي يېزىسىدا چېچەن، ئەقىللىق، دۇرۇس، چىۋەر باللارنى چۆمەنلا بالىكەن،دەپ ماختايدىغان ئادەت بار ئىكەن »دېگەنتى. «چۆمەن» جەمەتىدىكى چوڭلار جەمەت نامى ھەققىدە توختالسا، «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مەدەرىسە، مەسچىت، كۆۋرۈك سالدۇرىدىغان بىلىملىك مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر كىشلەر ئىكەن، بۇنداق كىشلەر قەدىمدە«چۆمەن»دەپ ئاتىلىدىكەنمىش»دېيىشەتتى. بۇ ھەقتە سورىغان سوئاللىرىمغا چۆمەنلەر بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان كەلگەن رەھمەتلىك بوۋام تۇرسۇن يۇنۇسمۇ شۇنداق دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ قومۇلدىكى چوڭ جەمەتلەرنىڭ بىرى بولغان چۆمەنلەر ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ھەم چېچەن، ئەل ئىچىدە يۈز ـ ئابرويلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشلەردىن ئىدى. چۆمەنلەر ھازىرقى قومۇلنىڭ شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، دۆۋەجىن، ساقا تەرەپلەرگە تارقىلىپ ياشاپ كەلمەكتە. دۆۋەجىن جىگدە بۇلاقتا چۆمەنلەر بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەر خەنزۇچە «چاۋمەي جۇاڭزا»دەپ ئاتىلىدۇ. شەھەر ئىچى يېزىسىدىمۇ چومەنتۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بوغازدا چۆمەننىڭ كۆلى دەپ ئاتىلىدىغان زېمىنلار

بولغانىكەن. بۇ ئىسىملارنىڭ ئاتالمىش «چاۋمەي» دېگەن«قارابۇغداي» مەنىسىدىكى سۆز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا چۆمەنلەر چۆمەنتۇر تۇر دېگەن يەردىن تارالغانمىش. قومۇلدا قەبىلە ھەم مىللەت نامى بىلەن ئاتالغان يەر-جاي ناملىرىمۇ كۆپ. مەسىلەن:ئاراتۈرك، تۈرككۆل، قارلۇقغول، قارلۇق تۇگمەن، ئۇيغۇرغول، ئۇيغۇرچوققا، ئۇيغۇرشار، ئەلكىبۇلاق دېگەندەك... بەزى تارىخى مەنبەلەردىمۇ «چۆمەن»دېگەن بۇ نامنى ئۇچرىتالايمىز. يۇرتۇمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان چۆمەن ئاغىنىلىرىمگە، تارىختا ئاتا-بوۋىلىرىمىز سەلتەنەت سۈرگەن يىراق تەڭرى داۋان ئېتەكلىرىدە تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىمەن. شۇ كۈندىكى سورۇنىمىزدا يەنە ئىككى نەپەر ئەزانىڭ نايمان قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۇق... لېكىن، ئۇلارنىڭ مىللىتى يەنىلا سېرىق ئۇيغۇر. مېنىڭ بىلىشىمچە نايمان دېگەن بۇ قەبىلە مۇڭغۇل ۋە قازاقلارنىڭ ئىچىدىلا بولاتتى. قارىغاندا بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈش كېرەككەن.

بۇ مىڭ يىللىق ھېسيات ئالماشتۇرۇش كاللامنى مۇڭقۇي قىلىۋەتتى. تارىخى بىلىمىمنىڭ كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ئازراق قىينالدىم. تۆمۈر ئەپەندىمنىڭ دېيىشىچە، گەرچە خەنزۇچە يېزىقچىلىقنى خاتاسىز قىلالىسىمۇ، ئانا تىلى كەڭرى كەتكەن سارىغ تالا ئېتەكلىرىدە ساپ چىققاچقا، خەنزۇچىدا مەقسەت ئۇقتۇرغاندا قىينىلىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئۆننىڭ يېزىقى يىتكىلى ئەسىرلەر بولدى. ئويلاپ باقساق، بىز يەنىلا تەلەيلىككەنمىز.

بىز ياتاققا قايتىپ كېلىپ تېزلا بۇخاراغا مۇز توشۇغىلى كەتتۇق. تاڭغا تىرەپ چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي بىزگە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كېلىش جەريانىنى سۆزلەۋاتقۇدەك، مەن ھەممە سۆزنى چۈشۈنۈپتىمەن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن خاتىرەمگە

يېزىۋاتقۇدەكمەن...بىرچاغلاردا ئىبراھىمگاڭ مېنى چاقىرىۋاتقۇدەك، ھە! دەپلا ئويغىنىپ كەتتىم...

خەير، تەڭرى داۋان

بۇ قېتىمقى سەپەرگە تۇيۇقسىزلا تەييارلىنىپ چىققاچقا، بىزدە ئەتراپلىق پىلان يوق ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى مەھەللىمىزدىكى ئاق كۆڭۈل، يېتەرخان، چەشمىچى، مۇقامچى موماياللاردەكلا كۆيۈمچان ئەن يۇلىڭ خانىم 24-چېسلا سەھەردە ئابلىز ئورخون ئاكامغا تېلېفون قىلىپتۇ. بىزنى ناھىيە بازىرىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يازلاقتا تۇرىۋاتقان قېيىنئانىسىنىڭ قارا ئۆيىگە( قارا ئۆي-يايلاقتىكى كىگىز ئۆي، قومۇل شېۋىسىدىمۇ قارا ئۆي دەپ ئاتىلىدۇ) باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇق. بىردەمدىن كېيىنلا ئەن يۇلىڭ خانىم ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا يېتىپ كېلىشتى. بىز ئەن يۇلىڭ خانىملار ئۇقۇشۇپ قويغان ئىككى تاكسى بىلەن يايلاققا ئاتلاندۇق. يول بويىدىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان غول ئەتراپىدا باراقسان ئۆسكەن ئاق تېرەك، يۇلغۇن ۋە قالغايلارنى، تاغ باغرىدىكى قارىغايلىقلارنى كۆرۈپ ئۆزىمىزنى خۇددى يۇرتىمىز تاغلىرىدا يۈرگەندەكلا ھېس قىلىشاتتۇق. كېچە ياغقان يامغۇر يۇزىۋەتكەن ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاغ يوللىرىدا يېرىم سائەتلەر ماڭغاندىن كېيىن كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتۇق. ئەن ئاچا يول بويىدىكى تېرەكلەرنى كۆرسىتىپ دورغاق(توغراق)دېدى، لېكىن ئۇ دورغاقلار بىز بىلىدىغان توغراقلارغا ئوخشىمايتتى. ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ يولدىشى سېرىق ئۇيغۇرچە ئېدىرنى ئېدىر، يامغۇرنى ياغمۇر، تۈگمەننى تېگىرمەن، يۇلغۇننى يۇلغۇن، قوڭغۇراقنى قوڭغۇراق دەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

ئۇلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، 49-يىلدىن كېيىنكى 70-يىللارغىچە سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يادا تېشى بىلەن يامغۇر تىلەيدىغان ئىشلارمۇ بولغانىكەن.

قومۇل باغداش، شۈيتى، ئېدىر، ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ باي يېزىلىرىدا ھازىرغىچە بۇ ئادەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىر تەرىپى ئېدىرلىق، يەنە بىر تەرىپى كۆكنى سۆيگەن تاغ-داۋان، بۇك- باراقسان قارىغايلىق بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ خىلۋەت زېمىندا بىر قانچە ئۆيلۈك سېرىق ئۇيغۇر چارۋىچى ياشايدىكەن. بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلارنى تۇزلەڭگە كۆچۈرۈپ مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، تۇزلەڭگە كۆنەلمىگەن نۇرغۇن چارۋىچى يەنىلا تاغلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ناھىيە بازىرىدىكى كېسەك-سوقما قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرمۇ بىنالىشىشقا باشلاپتۇ. ئەن يۇلىڭ خانىملارمۇ كېلەركى يىلى بىناغا كۆچۈپ كەتكۇدەك...

بىز ماشىنىدىن چۈشىشىمىزگە ئالدىمىزغا ياشانغان ئىككى سېرىق ئۇيغۇر موماي كۈلۈمسىرىگىنىچە چىقىپ كەلدى. مەن بۇ مومايلارنى كۆرۈپ، يۇرتۇمنىڭ يىراق تاغلىق يېزىلىرىدا قالغان موملىرىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ساپلىق، پاكلىق ۋە ھەقىقى ئانىلاردىلا بولىدىغان مېھرىبانلىقنىڭ ئىللىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چىرايدىكى رەھىمسىز يىللار سوۋغا قىلغان چوڭقۇر قورۇقلارغىچە ماڭا تولىمۇ تونۇش بىلىنىدى...بىز بىردەملىك سالام-سەھەتلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خىشتىن ياسالغان ئۆيىگە كىردۇق. ئۆينىڭ يېنىدىلا ئىشلىتىشتىن قالغىلى ئون نەچچە يىل بولغان قارا ئۆي بار ئىكەن. ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ ھەسرەت ۋە سېغىنىش ئىلكىدە ئۇھسىنىپ تۇرۇپ دېيىشىچە، بۇ ئەنئەنىۋي قارا ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن قالماپتۇ. بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى چاغلاردا كۆرگىلى بولىدىغان كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل يايلاق، تۇرخۇندىن ئىس چىقىپ تۇرىدىغان قارائۆي، ئۆينىڭ ئالدىدا سۇتچاي ئىچىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقان

قىرىلار،ئەتراپىدا چۇقرقىرىشىپ ئوينىشىۋاتقان سەبىي بالىلار، قويلار، يىلقىلار، پادىلار ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلىرىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. . .ئۇلار قارا ئۆيلەرنى بەك سېغىنارمىش. بىز كىرگەن ئۆي گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئىنتايىن پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ساھىبخانىلار بىزنى توختىماي «چوقى،چوقى»دەپ تۆرنى كۆرسىتەتتى(سېرىق ئۇيغۇرچە ئولتۇر مەنىسىدە). بىز تۆردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ 70ـ80 ياشتىن داۋاپ قالغان مومىلىرىمىزدىن ساپ سېرىق ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆتۈندۇق. بىراق، ئۇلار ئۆزرە ئېيتىپ، بەزى سۆزلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى دېيىشتى. لېكىن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى قىلىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئانا تىلدا سۆزلەشكە تىرىشتى. دېمىسىمۇ بالىسى، نەۋرىسى، ئەتراپىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى باشقا تىلدا سۆزلەشكە كۆنۈۋاتقان بۇ مومايلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتكەندۇ. شۇنداق، بىر ـ ئىككى كىشى بىر تىلنى ھەرگىزمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەمما، بىر توپ كىشىلەر ساقلاپ قالالايدۇ.

بۇ مومايلارنىڭ ئۆيىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بايقاشقا مۇيەسسەر بولدۇق . ئۇلارمۇ بىزدەكلا تاماق يەيدىغان شىرەنى شىرە دەيدىكەن. يەنە قومۇل كىشىلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان«ئېستىم بوسا»(ئەدەبىي تىلدا مەنىسى دېمىسىمۇ)سۆزى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدىن چۇشمەيدىكەن. شۇ كۈنى بىر موماي گەپ ئارلىقىدا بىزنىڭ گېپىمىزنى قۇۋۋەتلەپ «ئېستىم بوسا»دېگەنتى، يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇق. بىر چاغدا يەنە بىر موماي ئىشىك ئالدىدا ئويناپ يۈرگەن ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنى ئېتىكىگە ئېلىۋېلىپ، «ھۇببا قىل، ھە، ھۇببا!» (سۆيۈپ قوي)دەپ ئەركىلەتكىلى تۇرۇپتۇ. قومۇلدىكى ئاتا ـ ئانىلار، موما ـ بوۋىلار يۈرەك پارىلىرىنى مانا مۇشۇنداق ئەركىلىتىدۇ دېيىشتۇق. ئارلىقتا يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەن يۇلىڭ خانىمنىڭ يولدىشى ئاسمانغا قاراپ ئەنسىرەپ، «مەندىر چۇشەمدۇ

نېمە؟»دەپ قالدى. بىزمۇ« مەندىر دەيمىز» دەپ چۇقىرىشىپ كەتتۇق. تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارنىڭ كۆپلىكى ئارىمىزدىكى ياتسىراشلارنى بارغانچە يوقىتىپ باراتتى. سېرىق ئۇيغۇرلاردا يۇرتقا ياكى ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ياغقان يامغۇر قۇت ئېلىپ كېلىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش بار ئىكەن. يامغۇرنى كۆرگەن سېرىق ئۇيغۇرلار«ئازاغىڭلار ياراشتى»(ئايىغىڭلار ياراشتى)دەپ خۇش بولۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى (ھەقىقى ئۇيغۇر چىراي كىشىكەن) يۈگۈرۈپ كىرىپ، «ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر ئىلان تۇرۇر!»دېدى. بۇنى ئاڭلاپ،«ھەي ئىسىت، ئايىغىمىز يارىشىپ تۇرغاندا بۇ يىلاننىڭ كەلگىنىنى»دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، ئەمما موماي خۇشاللىق بىلەن ئوغلىغا:« ئاق سۇ(ئاق سۇ-سۈت مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان، سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۆزلىرى ئۇلۇغلىغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىۋاستە ئاتىمايدىغان ئادەت بار ئىكەن)سىپىپ قوي»دەپ بۇيرىدى. بىزدىمۇ يولدا ياتقان يىلانغا سۈت قۇيۇپ بەرسە، سۈتنى ئىچىۋېلىپ كېتىپ قالىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئۇچرىغان يىلانمۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ھېسابلىنىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولدۇق. قۇت بولسۇن! ئېستىم بوسا شۇنچە يىراقلاردا ياشاپمۇ ئۇلۇغ ئەجداتلىرى كەلگەن مۇقەددەس زېمىننى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنتالماي ياشاۋاتقان قېرىنداشلارغا مىڭلاپ-تۈمەنلەپ قۇتلار بولسۇن!

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك ئەت(يەنى گۆش، قومۇل شېۋىسىدىمۇ ئەت دېيىلىدۇ)، سۈت، تالقان، سارىغ ياغ، سەمەن(سۇيۇقئاش)،كۆمزە(نان)ئىكەن. كۆمزىنى دوخوپكىدا ياكى ئوچاقتا پىشۇرىدىكەن، بۇرۇندا كۈلگە كۆمۈپمۇ پىشۇراتتىكەن(قومۇلدا كۆمەچ دەپ بىر نان تۈرى بار. خېمىرنى كۆمچتانغا سېلىپ تونۇردىكى ھۆل-ھۆل كۈلگە كۆمۈپ

پىشۇرىدۇ). ئۇلار توم تۇياقلىق، ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق ھايۋانلارنىڭ ئېتىنى يېمەيدىكەن. ئات، ئېشەك، توخۇ،قاقىر(يەنى تۇرنا، قومۇل ئاراتۇرك شېۋىسىدىمۇ قاقىر دېيىلىدۇ) قاتارلىق، يەنە قاۋان (چوشقا) ئېتىنى يەيدىغان سىېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ساناقلىقلا ئىكەن. بىز ئۇچىراشقانلاردىن ھېچكىم قاۋان ئەت يېمەيدىكەن. ئەن يۇلىڭ قاتارلىق پىشقەدەملەرنىڭ ئۆكۈنۈش ئىچىدە بىزگە دەپ بېرىشىچە، ھازىرقى سىېرىق ئۇيغۇر ياشلىرى ئانا تىلىدا سۆزلەشمەيدىكەن، مىللەت تاللىماي تويلىشىدىكەن، ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلەرنى كەيمەيدىكەن. ئۆيىدە ئەت، تالقان، سارىغ ياغ، چۆرمى، سۈت ئورنىدا قاراچاي، خالتىلىق سۈت ئىچىپ، موما، سوغوق كۆك (لىياڭسەي) يەپ ياشاۋېتىپتۇ. ئارىلىقتا كۆمزە گېپى بولۇۋېتىپ، تۈگمەن توغرىسىدا گەپ تېشىلدى. سىېرىق ئۇيغۇرلار تۈگمەننى قومۇل شېۋىسىدىكىدەكلا تېگىرمەن دەيدىكەن. لېكىن، ھازىر تېگىرمەن ئىشلىتىدىغانلارمۇ ئازلاۋېتىپتۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئەنئەنىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ بېرىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولدى.

چۈشتىن كېيىن مۇقامچى ئىبراھىمگاڭ، غالىب ئەرشىدىن ئاكاملار قومۇل مۇقاملىرىدىن بىرنەچچە دۆرە ئورۇنلاپ بەردى. بۇ ئەسىرلىك سۈكۈتكە چۆمۈلگەن تاغلار مۇقام كۈيلىرىدىن مۇڭلىنىپ تېخىمۇ سۈكۈتكە چۆمۈلۈشكە باشلىدى. ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان سىېرىق ئۇيغۇر مومايلار تىلسىز قومۇل غىرجىكىدىن تارقىلىۋاتقان كۈيلەر ئىلكىدە ئۆزلىرىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ بىزنىڭ قارچۇقلىرىمىزدىمۇ ياش لىغىلدايتتى. يېشى 80دىن داۋىغان موماي كۆزىدىكى توختاۋسىز تاراملاۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تىتىرەپ تۇرۇپ، سىېرىق ئۇيغۇر تىلىدا«مېنىڭ دادام، بىز ئۇزاق-ئۇزاق شىجىنىڭ خاجىدىن كەلگەن(ئۇلارنىڭ قەدىمكى

تۇركلەرگە خاس بولغان چىرايىدىن ۋە شەرقى شىنجاڭلىقلارغا ئوخشاپ تۇرغان شىۋىسىدىن بايقىشىمىزچە، سېرىق ئۇيغۇرلار شەرقى شىنجاڭ ئەتىراپىدىكى بىرەر جايدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەقتە تېخىچە بىر ئېنىق مەلۇمات يوق) كەلگەن، بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!»دىدى.

مۇڭلۇق قومۇل مۇقاملىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەللەيلەپ كەلگەن تەڭرى داۋان ئېتەكلىرىدە لەرزان ياڭرىماقتا!...ئۇنىڭدىن تارقالغان سېھىرلىك كۈيلەر بۇ زېمىننىڭ ھەر بىرتال تاش، گۈل-گىياھلىرىغىچە سىڭىپ كەتمەكتە. ئۇلارغا بۇ كۈيلەر بەلكىم تونۇش ئىدى.

شۇ كۈنى ساھىبخانىلار غالىب ئەرشىدىن ئاكام، ئىبراھىمگاڭلارنى«يەنە بىر دۆرى(مەنىسى بىر نۆۋەت، قومۇل شىۋىسىدە بىر دۆرە دەپ قوللىنىمىز)ئىبرلا» دەپ توختىماي ناخشا ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. ئۆزلىرىمۇ بىزگە سېرىق ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. مىڭ يىللاردىن كېيىنكى بۇ ئۇچرىشىشنىڭ قىممىتىنى ۋە بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئورتاق ھېس-ھاياجانلارنى شۇ ۋاقىتتىكى بىز ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن.

بىركۈن كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان كۈن تاغنىڭ ئارقىسىغا يەڭدىگەندە بىزمۇ قايتىشقا ھازىرلاندۇق. توساتتىن قاپقارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ كېلىپ، ئاسمان گۈرۈلدەپ، چېقىن چېقىپ، يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ياشانغان ئىككى موممىمىز ھەر بىرىمىز بىلەن مېھرىبانلارچە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. نىمىشقىكىن كۆڭلىمىز بەكمۇ يېرىم، خۇددى يۈرىكىمىزنىڭ بىرەر پارچىسى بۇ يەردە قالغاندەك...ئاستا قەدەملەرنى ئېلىپ، باش-ئاخىرى يوق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بىزنى ئالغىلى كەلگەن ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق، سېرىق ئۇيغۇر

مومىلىرىمىز ئارقىمىزدىن قارىمىز يۇتكىچە قاراپ قالدى.

كەچقۇرۇندا ئەتىسى سەھەردە كېتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان تۆمۈر ئەپەندىم ياتىقىمىزغا كېلىپتۇ. بىزگە سۇنەن تاغلىرىدىن چىقىدىغان يەرلىك ياۋا موگۇ ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ سوۋغاتلارنى بىر پارچە ئۇزۇن كۆك رەڭلىك خادا بىلەن جۈپ قوللاپ تۇتۇپ، خادانى بوينىمىزغا ئارتىپ قويدى. تۆمۈر ئەپەندىم گەپ ئارلىقىدا«ئەزىز مېھمانلارغا خادا تەقدىم قىلىش بىزگە مۇڭغۇللاردىن ياكى تىبەتلەردىن كىرگەن دەيدىغان قاراشلار بار. بىراق مەن بۇنداق دەپ قارىمايمەن. خادا تەقدىم قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت ئادەت ئىدى»دەيدۇ. قومۇلنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرىدە خىزمەت قىلغان يېقىن ـ يورۇقلىرىغا، بىيىت ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغان كىشىلەرنىڭ بويلىرىغا شارپا ياكى رەخت ئارتىپ قويىدىغان ئادەت بار. بەلكىم، بۇنىڭ خادا بىلەن يىراقتىن باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن.

شۇ كۈنى تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن ئۇرۇمچى ۋاقتى كەچ سائەت ئون يېرىمغىچە مۇڭدىشىپتىمىز. ئۇ كىشى ھەقىقەتەنمۇ بىلىملىك ئىكەن. تارىخ توغرىسىدا سائال سورىساق تۇرتۇلمەي جاۋاپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، زور ھەجىملىك تارىخىي كىتابلىرى جۇڭگودىكى داڭلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، زور شان ـ شەرەپ ۋە «تۇلپار» مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»ناملىق كىتابى يېقىندا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بوپتۇ. كېلەر يىللارغىچە نەشىردىن چىقىدىكەن.

ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ كىشى قەلب تۆرەمدىن ئورۇن ئالدى. بىز ئۇنىڭ گەپلىرىدىن سېرىق ئۇيغۇرلار غەربىي ۋە شەرقىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنسىمۇ قەبىلە ناملىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى

بىلدۇق. ئابلىز ئاكام بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئاخىرىدا تۆمۈر ئەپەندىم ئۈچ كۈن جەريانىدا بىزنى ياخشى كۈتەلمىگەنلىكىنى، سۈنەنگە يەنە كېلىشىمىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، كېيىنكى قېتىم كەلگەندە ياخشى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى، تېخى پۈرسە بولسا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەنە بىر سىبىرىيە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كاڭلې، لىيەنخۋا ۋە داخې يېزىلىرىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جېكىلەپ، قايتا-قايتا ئۆزرە ئېيتىپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر تاللار قىز پەرزەنتى مۇڭغۇلىيەگە ئوقۇشقا بارماقچىكەن. سۈنەندە بىز بىلەن ئۇچراشقان يېشى قىرىقتىن ئاشقان سىبىرىيە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر تاللا پەرزەنتى بار ئىكەن. ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ كۆپ سىبىرىيە ئۇيغۇر ياشلىرى كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ھالەت سىبىرىيە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولسا كېرەك.

2011-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى سەھەردە سۈكچىگە بارىدىغان ئاپتۇبۇس بېلىتىنى ئېلىپ بولۇپ، ئەن يۈلىڭ خانىم، ئارسلان، تۆمۈر ئەپەندىملەرگە تېلېفون ئۇرۇپ خوشلاشتۇق. ئەن يۈلىڭ خانىم ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي بىز بىلەن يەنە خوشلاشقىلى كەلدى. ئەن يۈلىڭ خانىمنىڭ ئاپىسى چۈمۈتار مومىمىز«مېھمانلارنى نېمىشقا ئۆيگە باشلاپ كەلمەيسەن؟ شۇنداقلا خوشلۇشۇپ كەتكۈزىۋەتسەك سەت ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۇنىڭدىن رەنجىپتۇ. بۇنداق ئاقكۆڭۈللۈك، مېھماندوستلۇق يەنە قايسى بىر مىللەتتە بار؟! بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن «جۇۋاتتى، ئەن ئاچا جۇۋاتتى!» دېيىشىپ، ئۇنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى قومۇلغا، شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىشىپ بېكەتتە قالدۇق. ئۇمۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، يازلاقتا قالغان ئىككى مومىمىزنىڭ خەيرلىك تىلەكلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بولۇپ خوشلۇشۇپ كەتتى.

مەن سۈنەندىكى ھەر بىر ئۈنتۈلماس كۆرۈنۈشلەرنى كۆڭۈل بەتلىرىمگە مەڭگۈلۈك قالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە تويماي قارايتتىم. ئىچىمدە خەير سۈنەن! خەير تەڭرى داۋان!...دەپ پىچىرلايتتىم.

2012-يىلى 6-ئاينىڭ15-كۈنى قومۇل

# سىبىرىق ئۇيغۇرلار قومۇلدا

مەن ۋە قومۇلدىكى بىر قانچە ئاغا-ئىنىلەر 2010-يىلى 7-ئايلاردا گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھىرى سۈنەن يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)ئاپتونوم ناھىيىسىگە بارغانىدۇق. بۇ جەرياندىكى نەچچە كۈنلۈك تەسىراتىمنى تور ۋە <<قومۇل ئەدەبىياتى>>ژورنىلىدا ئېلان قىلىپ كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدىم. بەزى كىشىلەر ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ ئۇلار ھەققىدە يەنىمۇ كۆپرەك ئۇچۇر بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ئۇلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرى يوق دىيەرلىك بولسىمۇ، ئاشۇ يىراق سۈنەننىڭ تاغ-دالالىرىدا ھازىرغىچە ئۆز مەدەنىيەت جەمبىرىكىنى ئاداققىچە قوغداپ قىلىش ئىستىكىدە تىرىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان سېرىق ئۇيغۇر قانداش، قېرىنداشلىرىمىز بىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ. بۇ ئىككى يىل مابەينىدە مەن شەرق سېرىق ئۇيغۇرنىڭ ئېرجىن قەبىلىسىدىن بولغان جۇڭگودا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، گەنسۇ ئۆلكىسى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن ئىزچىل ئالاقە قىلىپ كەلدىم. بۇ ئارىدا ساقىلىق ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم ئاغام تۆمۈر ئاغامنىڭ بىر قانچە پارچە ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ <<قومۇل ئەدەبىياتى>>دا ئېلان قىلدۇردى. تېخى يېقىندىدىم

رەھبەر ئابدۇراخمان مۇتەللا ئەپەندىم تۆمۈر ئاغامنىڭ <<سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى>>دېگەن زور ھەجىملىك تارىخى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان كىتابىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا بەردى، خۇدايىم بۇيرىسا بۇ يىل ئاخىرىغىچە نەشىردىن چىقىپ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بەلكىم دىيارىمىز ئۇيغۇرلىرى ئۇشبۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بولسىلا سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى كىملىكىنى ۋە ئۇلار تارىختىن بۇيان ئۇچرىغان سورۇقچىلىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆتمىشىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. 2000-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىسكىسىدا غەربى ۋە شەرق سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى نوپۇسى ئاران 13719 ئادەم بولغان. بىر ئەسىرنىڭ ئالدىدا مالوف ئەپەندىم ئۇلارنىڭ نوپۇسىنى بىر تۈمەن ئەتىراپىدا دەپ ئۇچۇر قالدۇرغان ئىكەن. جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ بۇ قەدەر ئاستا سۈرئەتتە كۆپىيىشىدە ھەرخىل سەۋەبلەر بار.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دېيىشىچە: سىبىرىيە ئۇيغۇرلار 19-ئەسىرنىڭ ئالدىدا ھازىرقى مۇڭغۇلىيە ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغانكەن. مىلادى840-يىلى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزا ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەن، ئۇيغۇرلار نىڭ بىر قىسمى غەرپكە، بىر قىسمى جەنۇپقا ۋە شەرىققە قاراپ كۆچكەن، غەربكە يۈرۈش قىلغانلىرى تۇرپانغا كېلىپ 860-يىلى تۇرپان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرغان، بىر قىسمى گەنسۇغا كېلىپ 300يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن قامچى(گەنجۇ)ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرغان. ھازىرقى سىبىرىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى مانا مۇشۇنداق كۆچۈشلەر جەريانىدا قىسمەن كۆپ خىللاشقان. ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ياغلاقار، چومەن، كىرەي، نايمان، قوڭرات، ئەنجان(ئەنجاڭ)...قاتارلىق قەبىلە ناملىرى ئۇچرايدۇ. مالوپ ئەپەندىم 1910-يىلى10ئاينىڭ16-كۈنى سانىسقاپ ئىسىملىك سىبىرىيە ئۇيغۇر كىشىنىڭ

ئاغزىدىن مۇنۇ قۇرلارنى خاتىرىلىۋالغانىكەن: <<مىس يوغۇر مىندىن پىرىندا ئارتتان كەلگەن دىرو. شىجۇ-خاجىدان كەلگەن دىرو.>>مەنىسى: <<بىز سېرىق ئۇيغۇرلار بۇندىن بۇرۇندا غەربتىن كەلدۇرمىز، شىجىنىڭ-خاجىدىن كەلگەندۇرمىز.>> سېرىق ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىمۇ ياشىغان، خېشى كارىدورىدا ياشاۋاتقىلىمۇ مىڭ يىللاردىن ئاشتى. سانىسقاپىنىڭ بايانىدىكى شىجى-خاجىنىڭ زادى قايسى يۇرتلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق بىر جاۋاپ تېپىلمىدى. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، شىجى-خاجى شەرقتە دۇرخان(دۇنخۇاڭ)دىن، جەنۇبى چەيدام (قومۇل ئاراتۈرك شىۋىسىدە چايدام - تاشقۇن سۇيى كۆللىنىپ لاي-لاتقىلىق، سېغىزلىق بولۇپ كەتكەن يەرنى كۆرسىتىدۇ) ئويمانلىقىغىچە، شىمالى قومۇلدىن، غەربى تۇرپانلارغىچە بولىشى مۇمكىنمىش.

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن سېرىق ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆزىنى شىنجاڭغا تىكتى. بولۇپمۇ قومۇلدىكى بىر قىسىم بايقىلىشلار ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن 2005-يىللاردا تونۇشقان، شۇ يىللاردا ئابلىز ئورخۇن، سەمەت ئەسرا تۇرا، ئابلىز ئۆمەر ھاجى، دىلمۇرات تەلئەت ۋە مەن قاتارلىقلار سۈنەنگە بارماقچى بولدۇق، ئاخىرى مەندىن باشقىلىرى بېرىپ كەلگەنتى. شۇ چاغدىن ئېتىبارەن سۈنەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلار دىن تۆمۈر، ئارسلان، ئەنىۋلىڭ قاتارلىقلار بىلەن باردى-كەلدىمىزنىڭ ئۈزۈلگىنى يوق. ئارلىقتا تۆمۈر ئەپەندىم بىر نەچچە قېتىم قومۇلغا چۈشۈپ ئۆتتى، ۋاقىت قىسلىقىدىن بىرەر كۈن تۇرۇپلا كېتىپ قالاتتى. بۇ قېتىم يەنى 2012-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئورخۇن ئاغام ماڭا تېلىفۇن قىلىپ، كەچتە، تۆمۈر ئەپەندىمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئىككى سېرىق ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز بىلەن، گەنسۇ ئۆلكىلىك جاڭيې شەھىرى تېلېۋىزىيە ئىستانىسىدىكى يەنە بىر

قانچە كەسپىي خادىملارنى ئېلىپ، قومۇلغا يېتىپ كېلىدىغانلىق ئۇچۇرىنى يەتكۈزدى. مەن قارادۆۋىدە خىزمەتتە بولغاچقا، شۇ كۈنلىكى يېتىپ بارالمىدىم. 11 ـ ئاينىڭ15 ـ كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ، ئۇلار چۈشكۈن قىلغان قومۇل مۇقام سارىيىغا بېرىپ، تۆمۈر ئاغامىلار بىلەن دىدارلاشتىم. بۇ قېتىم ئۇلار قومۇل ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر خاتىرە فىلىم ئىشلەشكە كەلگەن ئىكەن، فىلىم ئىشلىگۈچى جاۋگوپىڭ رىژىسسور ئۇستا فىلىم ئىشلىگۈچى بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر قانچە خاتىرە فىلىمى ئىشلەپ زور ئالقىشلارغا نائىل بوپتىكەن. ئۇ ئىشلىگەن فىلىملار مەركىزى تېلېۋىزيە ئىستانسىدا كۆپ قېتىم كۆرسىتىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەركىزى تېلېۋىزيە ئىستانسىسىنىڭ 9 ـ قانىلى بىلەن فىلىم ئىشلەپ بېرىش توختامى باركەن. بۇ قېتىم، ئۇلار جەمئىي يەتتە ئادەم بولۇپ، ئۈچ سېرىق ئۇيغۇر ، ئىككى تىبەت، بىر مۇڭغۇل ۋە ئىككى نەپەر خەنزۇدىن تەركىپ تاپقان ئىكەن. بىر نەپەر غەربىي سېرىق ئۇيغۇرنىڭ ساقىس (سەككىز) قەبىلىسىدىن بولغان سېرجىن ئاقام(ئاچام) مەملىكەت دەرىجىلىك چاشمىچى، قىيمىچى ۋارىسى ئىكەن.

شۇ كۈنى مەن ئۇلار بىلەن بىللە قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بازىسى بولغان قوراي يېزىسىغا باردىم. چۈنكى ئۇ يەردە ھاۋاخان قاسىم ئىسىملىك داڭلىق چاشمىچى ھەم قىيىقچى ئاچام بار ئىدى. فىلىمنىڭ تەبىئىي ئىلىنىشى ئۈچۈن بىز ھاۋاخان ئاچامغا خەۋەر قىلمايلا باردۇق. يول ئۈستىدە تۆمۈر ئاغام، سېرجىن ئاقامىلار بۇ تاغ يوللىرىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى خۇددى سېرىق ئۇيغۇرلار دالاسىدا يۈرگەندەك تۇيغۇلارغا كېلىۋاتقانلىقىنى ھاياجان ئىچىدە بايان قىلاتتى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تىلدىكى، مەدەنىيەتتىكى ئوخشاشلىقلار ئۇلارنىڭ يوقۇلۇش گىردابىدا تېپىرلاۋاتقان قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ مەلھەم بولىۋاتقاندۇ. بىز ھاۋاخان

ئاچاملارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ماشىنىدىن چۈشتۇق. ياندىكى بىر ئۆينىڭ قوۋۇقىدا يۇزلىرى تۆپتۆرۈك(يۇپيۇمىلاق)بىر چوكانچاق قولىدا چاشما دوپىسىنى تىكىنىچە سېرجىن ئاقامنىڭ چاشما چاپىنىغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇراتتى. چۈنكى سېرجىن ئاقامنىڭ چاشما چۈشۈرلگەن چاپىنىدىكى گۈل نۇسخىلار قومۇل چاشمىلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتۇق، ئۇ بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، ئەسلىدە ئۇمۇ يېتىشىۋاتقان ئىزباسار چاشمىچى ئىكەن. بىز تۇزۇت قىلمايلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ھوزۇرلاندۇق. مېھمانلارنىڭ سىن ئاپراتلىرى بۇ ئايرىلغىلى نەچچە ئەسىرلەر بولغان ھالا بوگۈنگە كەلگەندە ئىككى خىل مىللەت نامىدا ئاتىلىپ قالغان قان ـ قېرىنداشلارنىڭ چاشمىلىرىدىكى ئوخشاشلىقلار تارتىشقا باشلىدى. شۇ قەدەر ئورتاق نۇسخىلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولاتتى. بۇ ئۆيدىن چىقىپ ھاۋاخان ئاچاملارنىڭكىگە كىرگەندە بولسا، سېرجىن ئاقامنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ئۇن ـ تىنسىز تاراملاپ كەتتى. ھاۋاخان ئاچام يىغىپ ساقلىغان قەدىمكى چاشما نۇسخىلىرىنى پىشانىسىگە تەگكۈزۈپ قىزارغان كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ ئۇنىڭدىكى ئوخشاشلىقلارنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. بەزى نۇسخىلارنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى ھازىرمۇ ئۇلاردا بارئىكەن، ئۇلاردا يوقۇلۇپ كەتكەن نۇسخىلار بولسا بىزدە بار ئىكەن. قەدىم ئاياق ۋە ئىگىنلەرگە چۈشۈرۈلگەن كېپىنەك، بېلىق، بۇغا، بۆشۈك تەۋرەتكۈچ قاتارلىق جاندارلارنىڭ تىكىلىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشايدىكەن. سېرجىن ئاقام بۇ قىممەتلىك بويۇملارنى خۇددى يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنى ئاۋايلىغاندەك ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاستا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈپ، بۇ ئەنگۈشتەرلەرگە زادى قانمايۋاتاتتى. سېرىق ئۇيغۇر چاشمىچى بىلەن ئۇيغۇر چاشمىچى بىر بىرى بىلەن تىلدا قىسىنغان بولسىمۇ ئورتاق بىر كەسپىنىڭ پەرۋىشكارلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇزاق يىللاردىن كۆرۈشەلمەي بوگۈن جەم بولغان قېرىنداشلاردەك بولۇشۇپ كەتتى.

ھاۋاخان ئاچام بىزگىمۇ ئەزەلدىن كۆرسۈتۈپ باقمىغان، تىلغىمۇ ئالمىغان ئىككى، ئۈچ يۈز يىللىق تارىخلارغا ئىگە بولغان قىممەتلىك قەدىم چاشمىلىرىنى بىر بىرلەپ ئۈلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەتتى. ئارىمىزدىكى تىبەت، مۆڭغۇل، خەنزۇ مېھمانلارمۇ بۇ ئىككى مىللەتتىكى بۇنچە كۆپ ئوخشاشلىقلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن 100 ۋاتلىق لامپۇچكىدەك پارقىراپ كەتتى.

ھاۋاخان ئاچام گەپ ئارلىقىدا قەغەز قىيمىچىلىق بويۇملىرىنىڭمۇ بارلىقىنى دېگىنىدە سېرجىن ئاقامنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قېتىم قومۇلغا كېلىشتىكى مەقسىدىمۇ بۇ زېمىندىن ئۆزلىرىدە بار بولغان قەغەز، تېرە قىيمىچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش ئىكەن. ئۇ ھاۋاخان ئاچامنىڭ قەغەز قىيمىلىرىنى كۆرگەندە كۆز قارچۇقلىرىنى يەنە بىر نۆۋەت نەملىگەن بولدى. چۈنكى بۇ نۇسخىلارمۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز قىيما نۇسخىلىرى بىلەن شۇ قەدەر ئوخشاش ئىدى...مەنمۇ بىر چەتتە، بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ، ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. ئوغۇلبالا قالايمىقان ياش تۆكمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى يىغلايدۇ. شۇ كۈنى قومۇلغا قايتىپ، مىسران تائامخانىسىدا بىرلىكتە تاماقلىنىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بوغۇزۇمغا تۇرۇلۇپ قالغان بۇ گادا زادى يوقالماستا قالدى.

ئەسلى مېھمانلارنىڭ پىلانى بويىچە2012 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ16 ـ كۈنى تۇرپانغا بارماقچىكەنتۇق. تۇنۇگۈنكى خاسىيەتلىك سەپەر جەريانىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قوراي قىزىيادىكى ئۇيغۇر نامىدا ئاتانغان قىزيا ئۇيغۇرشار خارابىسى، ئەزىزان باغلىرىمىز بولغان ئارتامدىكى ئۇيغۇر ئۆيلىرى( ئاتامدىكى مىڭ ئۆينى يەرلىكلەر شۇنداق ئاتايدۇ)، ئۇيغۇر چوققىسى ۋە ئۇيغۇر شار خارابىسى ھەمدە قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللەت، قەبىلە ناملىرىدا ئاتانغان قارلۇققول، قارلۇق جەمەتى، تۈركى تىللاردىۋانىدا بايان قىلىنغان ئەلكى ۋە ئەلكى بۇلاق ۋە قومۇلدىكى

نۇرغۇنلىغان يەرلەردىكى ئۇيغۇر نامىدا ئاتالغان ئورۇنلارغا بولغان قىزىقىش ئۇلارنىڭ تۇرپان سەپىرىنى بىر كۈن كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولدى.

بىر تاڭ پەيتى ئۈرۈمچى ۋاقتى7:30 دە ئۇلار قونغان مۇقام سارىينىڭ ئالدىدىن ئارتامغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يول ئۈستىدە تاشارلىق 95 ياشقا كىرگەن بوۋەدىخان مومام( ئاپامنىڭ دادىسىنىڭ ئاچىسى)نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۇيغۇر ئۆيى ھەققىدىكى پاراڭنى سېلىپ بەردىم. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ2 ـ كۈنى بوۋەدىخان مومامنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ،مومام توساتتىنلا ئۇيغۇر كېسىكى دەيدىغان بىر ئاتالغۇنى تىلغا ئېلىپ قالدى. ئەسلىدە يەرلىك ئارتاملىقلار تۇغۇتىدا شامال دارىپ قالغان ئايالنى ئۇيغۇر ئۆيى خارابىسىدىلا بولىدىغان ئۇيغۇر كېسىكىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، يوغان ياغاچ تەڭنە ياكى داسقا قايناقسۇنى قۇيۇپ، ئاندىن ئۇيغۇر كېسىكىنى سۇغا سالغاندا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان ھورغا پوملاپ داۋالايدىكەنتۇق. سىرجىن ئاقام بۇنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ ساقىس قەبىلىسىدىمۇ مۇشۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىپ ئۆتتى. ئۇلارمۇ قەدىمىي كېسەكنى تېپىپ كېلىپ، ئوخشاش ئۇسۇلدا شامال دارىش ۋە گومىرويي كېسەللىرىنى داۋالايدىكەن. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سۇنەنگە بارغىنىمدا ھېلىقى ئىككى ياشانغان مومام بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ، سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پاراڭلىرى بىز سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ياغلاقار( ياغلاقار ـ ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرغان ئالتۇن ئۇرۇق ) بىلەن ساقىس قەبىلىدىكىلەرنىڭكىگە بەكرەك ئوخشايدىكەن، دىگەن ئىدى. بۇ قېتىم، ساقىس قەبىلىسىدىن بولغان سىرجىن ئاقام بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا تىل جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلار بىزنى ھەقىقىي ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك يېقىن قىلىۋەتتى. بىز شۇنداق تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئارتامغىمۇ چىقىپ قاپتىمىز.

بىز بىرىنچى بولۇپ ئارتامدىكى ئۇيغۇر ئۆيلىرى ( شۇ جايدىكى نەچچە مىڭ يىللىق بۇددا تاش كېمىرلىرى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا شۇنداق ئاتىلىدۇ) بار جايغا كەلدۇق. بۇ يەردە تۆمۈر ئاكام گەنسۇدا ياشاپ كېلىۋاتقان شەرق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇڭغۇل تىلى ئارلاش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى بەلكىم تارىختا، مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدىمۇ تۈركى تىللىق قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى شۇڭا چىڭگىزخان ئۇيغۇرلار بىلەن ئالقە قىلغاندا تىلدا قىينالمىغان ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتۇپ، مۇڭغۇللارغا مەدەنىيەت ئۆگىتىشكە تاللىغان بولىشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولسا كېرەك. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۇڭغۇلچە يەر-جايناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرچە يەرناملىرىمۇ ئاز ئەمەس، تۆمۈر ئەپەندىمنىڭ ئاشكارلىشىچە ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇل ۋە تاشقى مۇڭغۇل زىمىنلىرىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغان بىدىلىك، قارسۇ دېگەندەك يەر جاي ناملىرىنىمۇ كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. تېخى مۇڭغۇلىيەدە ئۇيغۇرغول دەپ بىر جاي ئىسمىمۇ بار ئىكەن. دېمەك، بىز تاشلاپ كەتكەن ئورخۇن، تەڭرىداۋان، ئۆتۈكەن يايلاقلىرىدا بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ ئىزنالىرى تا بۈگۈنگىچە يوقالمىغان گەپ. قومۇلدىمۇ نۇرغۇنلىغان مۇڭغۇلچە يەر-جاي ناملىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسلەن: قومۇلدىكى تاغلىقلار تاغ چوققىلىرىدىكى يازلىق يايلاقنى <<جۇسلاڭ>>دەپ ئاتايدۇ. بۇ مۇڭغۇلچە گەپ بولۇپ مەنىسى: يازلىق يايلاق ئىكەن. مەن بۇ ھەقتە، تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن ئوخشىمايدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا تاشلىدىم. ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ باسمىغان زىمىنلىرىمىز ئاز قالدى.بىز چىڭگىزخان ئىستىلاسىغىمۇ قاتناشتۇق.مۇڭغۇل تىلىمۇ ئۇيغۇر تىلىدەكلا ئالتاي تىل

تۈركىمىگە كىرىدۇ. بەلكىم، قەدىمدە بىز بىرخىل ئانا تىلدا سۆزلەشكەن بولىشىمىز مۇمكىن، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن، بىر قانچە تۈغقان تىللارغا، كۆپ خىل شەكىللەرگە ئىگە تىل تۈركۈملىرى كېلىپ چىققان. شۇڭا، بىز قايناپ چىققان مۇڭغۇل ئورخۇن بويلىرى ۋە قومۇل باركۆل، ئاراتۈرك دالالىرىدا تەتقىقاتچى ۋە يەرلىكلەر تەرپىدىن قالماقنىڭ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەسلەن:ئاراتۈركتىكى ئۆرگەي، نېرىنكىر، بۇرول، دۆرتە، دۆربەجىن...دېگەندەك كۆپلىگەن يەر ناملىرى بارچە تۈركى مىللەتلەرگە ئورتاق ئانا تىلنى ئىشلىتىۋاتقان پەسىللىرىمىزدە مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ دىن ئالماشتۇرۇپ، كۆپ يېزىق ئىشلەتكەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىزاھلىنىش تەسكە توختىماقتا. ئەنە ئاشۇنداق بىر قىسىم بىزگە مۇجمەل ئىسىملارنى بىز مۇڭغۇل تىلى ئارقىلىق ئىزاھلاپ كەلدۇق. لېكىن، شۇنىسى بىزگە قاراڭغۇكى، مۇڭغۇل دالالىرىدىكى بىدىلىك، قاراسۇ، ئۇيغۇرغول دېگەندەك ئۇيغۇرچە يەر-جاي ناملىرىغا مۇڭغۇللار قانداق ئىزاھ بىرەلىشى مۇمكىن. شۇ كۈنى تۆمۈر ئەپەندىم پاراڭلىرىمىدىن قومۇل تاغلىقلىرى سازلىقنى شىۋەر دەيدۇ، تەسكەيىنى(تاغنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان تەرەپ) ئورا، كۈنگەيىنى(تاغنىڭ كۈن چۈشىدىغان تەرەپ) ئۆۋەر دەيدۇ. دېگەن پاراڭلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،يەنە ماڭا مۇنداق بىر ئۇچۇرنى ئاشكارلىدى. بىزدىن يىراق سىبىرىيەنىڭ سوغوق ئېقىمىنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئەمما، سىبىرىيە دېگەن گەپنىڭ قايسى مىللەت تىلىدىن كەلگەنلىكىنى دۇنيا ئەھلىگە تېخى بىر سىر.مەنچە بولغاندا، بۇزىمىنلاردا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز ياشىغان، شۇ يەردىكى قازاق مالچىلار سىبىرىيىنى <<شىبەرئورا>>دەپ ئاتايدىكەن. سىبىرىيە دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سازلىق. ئۇ يەرگە يىل بويى كۈن نۇرى تولۇق چۈشمەيدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسى ئاساسەن سوغوق ھەم تۇمانلىق ھاۋارايى. قومۇل شىۋىسىدە ساقلانغان بۇ شىۋەر ۋە ئورا دەيدىغان قەدىم شىۋىلەردىن بىز سىبىرىيە يەنى قازاقلار تىلىدىكى <<شىبەر ئورا>>

دېگەن گەپتىن سىبىرىيە دېگەن گەپنىڭ تۈرك تىلىغا تەۋەلىكىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەكمىز. دىدى. ھەر ئىككىمىزنىڭ مىللەت نامى، كېلىپ چىقىشىمىز بىر بولسىمۇ تارىخى بۆھرانلار سەۋەبىدىن شەرق، غەربى ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ مىللەتلەرگە خەنزۇ تىلى بىر كۆۋرۈكلۈك يولنى ئوينىغان بولسا، ئاز تولا توسالغۇ بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. تۆمۈر ئەپەندىم ۋە سېرجىن ئاقام(ئاچام) لارنىڭ دېيىشىچە، سېرىق ئۇيغۇرلاردىكى ياغلاقار، قوڭرات، ئەنجاڭ (ئەنجان)، ساقىس، بەيئوتاغ، چاڭمەن(چومەن)،كېرەي، نايمان قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق قەبىلىنىڭ شىۋىلىرى ئوخشىمايدىكەن. پەرىزىمچە، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بۇنداق كۆپ خىللىق، ئۆزلىرىگە قىسمەن پايدىلارنى ئېلىپ كەلگەن بىلەن سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ قېلىشتا ئاز بولمىغان توسالغۇلارنىمۇ پەيدا قىلغاندەك تۇرىدۇ. نوپۇسى بىرتۇمەندىن ئازراق ئاشىدىغان، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان قەھرىمان مىللەتنىڭ تىلى، بىر قانچە خىل قەدىمي شىۋىلەرنىڭ ئامالسىز ئىگرىغان ئازابلىق نىدالىرى ئىچىدە، ئۈن تىنسىز يوقۇلۇشقا باشلاپتۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن، ئۇلارنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز بولۇپ قالمىغاي! ئىچ باغرىمىزنى تۆكۈپ بېرىشكە ئاران قېلىۋاتقان، تىلدا چۈشىنىشەلمىسەكمۇ دىلىمىز چۈشىنىشىۋاتقان بۇ قېرىنداشلار بىلەن قانماي مۇڭداشتىم. بەلكىم، 400يىل بۇرۇندا بىر تىللىق بولىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى.

بىز ئارتام ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ ئەتىراپىنى زىيارەت قىلىپ قايتاي دەپ تۇرىشىمىزغا ساقلىق تەرجىمان ئابدۇغوپۇر ئاكام، ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدىكى دولقۇن ئاكام، قومۇل ئەدەبىياتى ژورنىلىدىكى سەمەت ئابدۇراخمان قۇچىغۇن، ئەخمەت ھەمدۇللالار ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ يېنىمىزغا چىقىپتۇ. ئابدۇغوپۇر ۋە دولقۇن ئاكىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىر زامانلاردا

مۇنبىرىمىزدە ئەڭ ئاخىرقى ئارتاملىق دەپ تىلىمغا ئېلىنغان، مۇتەللىپ ئاكامنىڭ ئۆيىدە مېھمانلارغا ئاتاپ قازانمۇ ئېسىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ قەدەم بېسىشى بىلەن پاراڭ مەزمۇنلىرى تېخىمۇ سەرخىللاشتى. دىنىمىز ئىسلامدا بارچە دىنلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئېتىقادسىز كىشىنى ئادەم دېيىش بەسى مۇشكۇلدۇر. تۆمۈر ئەپەندىملەرمۇ ئاتا-بوۋىلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن تىبەت لاما دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر تۇپ دەرەخكە ھۆرمەت بىلەن خادا تەقدىم ئەتتى. ئاندىن كېيىن مەن ئۇلارنى باشلاپ ئۇيغۇر ئۆيلىرىنى ئارقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇيغۇر چوقىسىنىڭ ئېتىكىگە باشلاپ باردىم.

مومام (دادامنىڭ ئاپىسى)بالا چاغلىرىدا ئاراتامدا تۇرغان ئىكەن، مېنىڭ ئاپاممۇ ئارتاملىق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئارتام ھەققىدە ئىنتايىن گۈزەل رىۋايەت، ھېكايەتلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانمەن. ئارتام تىلغا ئېلىنغاندا ئاپام دائىملا:- بىز بالا ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ ئالدى كەينىگە يۈگۈرەپ ئالدىراپ، يالغۇز يېرىم ئۆتەلمەيتتۇق. چۈنكى چوڭلار دائىم بىزگە، ئۇ يەرگە تاھارەتسىز بارماڭلار ،ئۇ يەر ئىگىلىك يەر، ئۇلۇغلىرىمىز ياشىغان يەر، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇراتتى، دەيتتى. موماممۇ شۇنداق دېگەنلىرى ھېلىھەم يادىمدا.مەن بۇنداق ئاگاھلارنىڭ زادى قايسى دەۋرلەردىن قالغانلىقىنى بىلىپ بولالمىدىم، ئەلقىسسە، بىزمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك، ياپونىيە، كورىيە، تىبەت،مۇڭغۇل دالالىرىغا تارقىلىشىغا ھەسسە قوشقانمىز. ھېلىھەم بۇددا ۋە ئۇندىن بۇرۇنقى شامان دىنىنىڭ بەزى ئاسارەتلىرى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە قىسمەن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپ تۇرۇپتىمىز. بالا ۋاقىتلىرىمدا ئارتامغا ئويناپ چىقسام ئۇيغۇر ئۆيلىرى بۇقەدەر خاراب ئەمەس ئىدى.

مومامنىڭ بايانىچە، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن گۈزەل ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ ئۇچىۋاتقان رەسىملىرى، بۇتلارنىڭ يېرىم ـ يارتا ھەيكەللىرى بار بولۇپ، يەر يۈزىگە تاختاي ياتقۇزۇلغانكەن. بىز بىرقانچە بالىلار بۇ يەردە ئوينىغان ۋاقىتلىرىمىزدا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، بۇ ئۆينىڭ ئازغىنە قالغان ھەيۋەتلىك تورۇسلىرىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن رەڭگىمۇ ئۆڭمەي ئۆز پېتى تۇرغان ئىنتايىن نەپىس سىزىلغان بۇت رەسىملىرىنى تاش ئېتىپ چېچىپ ئويناپتتۇق. بۇنداق قىلساق ساۋاپ تاپىمىز، دەپ ساددىلارچە ئويلىغان ئىكەنمىز. ھازىر بۇ قىلمىشىمىدىن بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. چۈنكى بۇ يادىكارلىقلار يەنىلا ئۆز ئەجدادىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئۇ ھەم بىزنىڭ ئەزەلدىن بۇ زىمىنلاردا ياشاپ كەلگەنلىكىمىزنىڭ يوقالماس شاھىدىلىرىدۇر. بىزنىڭ ئۇلارنى قوغداش مەجبورىيىتىمىز بار.

تۆمۈر ئەپەندىلەرنىڭ ئۇيغۇر چوققىسىغا چىققۇسى بولسىمۇ ۋاقىت قىسلىقى سەۋەبىدىن چىقالمىدى. مەن ئۇلارنى باشلاپ چىنمۇدەن بىلەن مەردان قەھرىمانلارچە ۋاپات بولغان قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ يازلىق قەلئەسى سۇمبەقورونىڭ ئۈستىگە چىقتىم. راۋان بولمىغان خەنزۇچە تىلىم بىلەن، باغداش تاغلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئىككى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت قەھرىمانىنىڭ تەسىرلىك پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانىسىدىن كەلگەن جاۋ رىژىسسور بۇنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلەندى. ئۇ، ۋاقتى ھەم مەبلىغى يار بەرسە قومۇل توغۇرلۇق نۇرغۇنلىغان خاتىرە فىلىملەرنى ئىشلىگۈسى بارلىقىنى ھاياجان بىلەن ئېيتىپ ئۆتتى. شۇ چاغدا مەن پەلەكنى مېھرى بىلەن سۆيگەن، بۇ مۇقەددەس زىمىننى باغرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقان ھەيۋەتلىك ئۇيغۇر چوققىسىغا قاراپ خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغانتىم. بەلكىم، جاۋ

رېژىسسورنىڭ فىلىملىرى ئارقىلىق بۇ خىلۋەتتىكى گۆھەردەك زىمىنلارنىڭ شانلىق تارىخى ئىزنالىرى ۋە تۈگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى جاھان قەۋمىگە ھەم ئىلىم ئەھلىگە ئايدىڭ بولغۇسىدۇر.

تۆمۈر ئەپەندىملەر تۈۋەنگە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتىدىن، مېڭىش ـ تۇرىشىدىن ھەتتا، پۈتۈن ئەزايىدىن يىراق ئەجداتلىرىغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇسىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولاتتى. مەنمۇ ئىچىمدە مۇشۇ زىمىندا يېتىپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىنىڭ، ئەجدادلىرىمىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغاچ پەسكە ئاستا قەدەم تاشلىدىم. ئارتامدىكى يەرلىك خەلقى بولغان سۆيۈملۈك، مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم كۈچۈپ كەتمىگەن، ھەممە جايى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن گۈزەل ۋاقىتلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ بوغۇزۇمغا يەنە بىر ئاچچىق نەرسە قاپلىشۋالدى. ئاھ، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم، ئاقمىغىن! كۆز يېشى قىلىش ماڭا ياراشمايدۇ. . .راستىمنى دېسەم شۇ تاپتا، قاتمۇ ـقات تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھېچكىم يوق يەرلەردە ھۆكرەپ يىغلىۋالغۇم كېلىۋاتاتتى. بىز ھەممىمىزلا ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ماشىنىلارغا چىقىپ، تاشارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. تۆمۈر ئەپەندىم مېنىڭ تېرگىنىمگە ( ماشىنا ـ سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا تېرگىن دېيىلىدۇ)چىقىۋالدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە تاشاردىكى مۇتەللىپ ئاكامنىڭ ئۆيىگىمۇ كەپ قاپتىمىز. ھايال بولمايلا داستىخان تارتىلىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەزىلىك ھىدىنى ئەتىراپقا تارتىپ ھورى پۇرقىراپ تۇرغان قومۇل ياپمىسى ئالدىمىزغا ھازىر بولدى. ساھىپخانلارنىڭ ئالىسلا، باقسىلا دېيىشكەن تەكەللۇپلىرى ئىچىدە بۇ مەزىلىك تائامغا داخىل بولۇشقا باشلىدۇق. سېرىق ئۇيغۇرلار گۈرجەك گۆشنى(دولا سۆڭەك) ( گۆشنى سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ بىزدەكلا ئەت دەيدىكەن) ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلارمۇ گۆشنى پىچاقتا كېسىپ يەيدىكەن. بولۇپمۇ

گۈرجەك گۆشنى چوقۇم مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئازراقتىن كېسىپ تارتقىتىش لازىمكەن. تاماق يەۋېتىپ سىرجىن ئاقامدىن قوۋۇرغىنى نىمە دەيسلەر؟ دەپ سورىدۇم، شەرق سىرىق ئۇيغۇرلار <<قوبۇرغا>> دەيدىكەن. غەربى سىرىق ئۇيغۇر ساقىس قەبىلىسىدىكىلەر <<يىگە>>دەيدىكەن. مەن بۇ <<يىگە>>دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئېسىمگە :ـ يىگە باستۇرۇپ كېسەك قويۇش كېلىپ، شۇ گەپنى قىلسام، سىرجىن ئاقام ھەممە گېپىمنى ئاڭلاپ چۈشۈنۈپ خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار كېسەكنى بىر بىرسىگە چىشلىتىپ قويۇش ئۇسۇلىنى، يىگە باستۇرۇپ قويۇش، دەيدىكەن. ھەرخىل قىزىقارلىق پاراڭلاردىن كېيىن، ماڭىدىغان چاغمۇ بولۇپ قاپتۇ. تاماقتىن كېيىن دۇئا ئوقۇدۇق، ئۇلارمۇ بىزنى دوراپ قوللىرنى تەڭ دۇئاغا كۆتۈردى. بۈگۈن ئۇلار قومۇلدىن تۇرپانغا قاراپ كەتمەكچى، ئىدى. بىز ئۇلارنى تاكى شىمالى چىقىش ئېغىزىغىچە ئۇزۇتۇپ باردۇق. ماشىنىلارنى يول بويىغا توختۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، خوشلاشتۇق. سىرىق ئۇيغۇرلارمۇ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن مەيلى خوشلاشقان ۋە مەيلى كۆرۈشكەندە بولسۇن، قۇچاقلىشىدىكەن. بىز قانداقتۇر قىيالماسلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئىلكىدە ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ قالدۇق. بايقىسام تۆمۈر ئەپەندىم، سىرجىن ئاقام ۋە يەنە بىر رېژىسسور تىبەت ئاكامنىڭ كۆزلىرىدىن قىيالماسلىقنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى تاراملاپ تۇراتتى. ئۇلار تۇرپاندا ئىككى كۈن پائالىيەت قىلىپ، قومۇلغا قايتىپ، بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، سۈنەنگە قاراپ كېتىپ قالدى.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قومۇل

# خېنەندىكى ئۇيغۇرلار

مۇجىبۇل راخمان ئەركىم




لوياڭ سەپىرى ـ

خېنەن ئۆلكىسى چىگرارايونغا ياردەم بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى قومۇلغا ياردەم بېرىۋاتقىلى بىر قانچە يىل بولۇپ قالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يىل 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ۋىلايەتتىكى بىرقانچە ئىدارە ـ ئورگانلاردىن جەمئىي 13 نەپەر مىللىي كادىر خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپتە 1 ئايلىق ئوقۇشقا ئاتلاندۇق. پويىزنىڭ بىر قانچە ۋاگونى قومۇلنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىن چىققان ھەر مىللەت كادىرلار بىلەن تولغان بولۇپ،خېنەن سەپىرى ناھايتى كۆڭۈللۈك باشلاندى. ئاجايىپ ئىش ھەر قېتىملىق پويىز سەپىرىدەشەرىققە قاراپ يول ئالسام، ئۆزەمنى غەرىبكە كېتىۋاتقاندەكلا سېزەتتىم. چۈنكى يول بويى ئۇچىراۋاتقان سوقما تاملىق ھويلا ـ ئارام،باغ ـ ۋاران، ئېتىز ـ قىر، تاغ ـ دالىلار قومۇلدىكىدىن ئانچە پەرىقلەنمەيتتى. يول بويىدىكى تونۇش تۇراۋە قەدىمى شەھەر خارابىلىرى نىشان تۇيغۇمنى ئازدۇرۇپ قوياتتى. مەندە گويا شىنجاڭغائىچكىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەكلا خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. دېمىسىمۇ ھازىرىيورۇقلۇققا چىقىۋاتقان بەزى تارىخى ماتىرىياللاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇزىمىنلاردىمۇ ياشىغانلىقى ۋە قىسمەن بۆلەكلىرىمىزنىڭ

ئۇشبۇ يۇرتلارغا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنماقتا. ئاجايىپ يېرى قومۇللۇقلار تارىختىن بۇيان قاچ ـ قاچ بولسا گەنسۇ تەرەپلەرگە قاچىدىغان ئەھۋاللار بولغان. بەلكىم بۇنىڭ سەۋەبى ئاشۇيۇرتلاردا قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى پاناھ تارتىش بولسا كېرەك(قامچى ئۇيغۇرخاندانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى).

مەن ئەنە شۇنداق تەگسىز خىياللار ۋە سەپەرداشلار بىلەن بولغان قىزغىن پاراڭلارغا كۆمۈلۈپ 30 سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە يەنى 11 ـ چېسلا تۈن نىسپىدە، يامغۇر يېغىپ تۇمانلىشىپ كەتكەن بۇ ناتونۇش تۇپراققا قەدەم تاشلىدىم. بېكەتتە لوياڭ شەھەرلىك پارتىيە مەكتەپنىڭ بىر قانچە رەھبىرى ۋە بىزنىڭ مەسئول مۇئەللىمىمىز ساقلاپ تۇرغانكەن. بىز شۇ كۈنىلا ئازادە ياتاقلارغائورۇنلىشىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئوقۇشنى باشلاپ كەتتۇق. سىنىپىمىزدا بىزدىن باشقاقومۇل ۋە لوياڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن كەلگەن 30دىن ئارتۇق خەنزۇ ساۋاقدىشىمىزبار ئىدى. مەكتەپ تېخى بىز ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالاھىدە يەرلىك خۇيزۇ ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ، مىللىيچە ئاشخانە تەييارلاپتۇ. مەكتەپ ئىنتايىن زىچ ۋەئەھمىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان كۈن تەرتىپلەر بويىچە ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەكشۈرەشلەر ئۆز پېتى يۈرۈشۈپ ماڭدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا 13 سۇلالىنىڭ پايتەختى بولغان قەدىمى ئاستانە لوياڭدىكى دۇنياغا داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا ھەمدە تەرەققىيات رايونلىرىغا تەشكىللەپ زىيارەت قىلدۇردى. مەن بىرتىل ـ يېزىق، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى خادىمى بولغاچقا، بۇ قەدىمى ئاستانىدىكى قەدىمى ئورۇنلارغا كۆپرەك قىزىقتىم. بولۇپمۇ «ئەژدەرھا بۇت غارى»«ئاق ئات بۇتخانىسى»«شىياۋلىن بۇتخانىسى»« گۇەنيۇ مەقبەرىسى»«لوياڭ موزىيخانىسى»...قاتارلىق ئورۇنلارغا بارغاندا تولىمۇ ھاياجانلاندىم. ئاشۇ تارىخى ئىزنالارنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمدا كۆڭۈل ئېكرانىمدا، تاڭ سۇلالىسى خانىنىڭ ياردەمگە قىشقىرتىشى بىلەن،تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىشكە سەۋەبكار « ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن يېغىسى»نى باستۇرغىلى كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرى ئايان بولسا،تۇرۇپلا تاڭ سۇلالىسى خانى،ئاقسۆڭەك، بەگ

ھەم پۇقرالىرىنىڭ ئۇيغۇرچە كىيىنىپ،ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، ئۇيغۇرچە ئات مىنىش ۋە ئۇيغۇرچە جەڭ ماھارىتى ئىگىلەشكە ھەۋەس قىلىپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى، چالغۇ-ئەسۋاپلىرى تولغان كوچىلارنىڭ قاينام-تاشقىن قىياپىتى، شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان شئېرلارغا قوشۇلۇپ قەلبىمدە ئەكس ئېتەتتى. نىمىشقىكىن شۇ خىياللارغا ئەسرا بولغىنىمدا بۇ زىمىنغا بولغان ناتونۇشلۇق ئاللاقاياقلارغا غايىپ بولاتتى. بولۇپمۇ موزېيخانىدا كۆرگەن «تاڭسەنسەي»ھەيكەللىرىدىن ئەجدادلىرىمنىڭ ھەيۋەتلىك سىماسىنى كۆرگىنىمدە چەكسىز پەخىرلەندىم. بۇ ھەيكەللەرگەبېرىلگەن ئىزاھاتلاردا خۇ ئادىمى دېيىلگەنلەر دەل بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدۇر. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا «回纥»«胡» «胡人» «回鹘» دەپ ئاتالغانلار دەل ھازىرقى ئۇيغۇرلاردۇرمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ جوڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە كۆزيۇمغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.



لوياڭدىكى ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم تولىمۇ كۆپ بولدى.خېنەننىڭ نوپۇسى جوڭگو بويىچە ئەڭ جىق ئۆلكە بولغانلىقىدىنمىكىن بۇيەرگە كەلسەم مىغ-مىغ ئادەم دېڭىزىنى كۆرەرمەنمىكىن دېگەنتىم، كوچىدا مېڭىپ يۈرگەنلەر پەرىزىمدىكىدىن ئاز بولدى. لوياڭ شەھىرى جوڭگودىكى قەدىمى 7 چوڭ قەدىمى پايتەختنىڭ بىرى بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 15208كۇۋادىر كىلومېتىر،نوپۇسى 662تۈمەن ئىكەن. قومۇلنىڭ ئومۇمي يەر مەيدانى138919كۇۋادىرات كىلومېتىر ،نوپۇسى 59تۈمەن. بۇ سان سېفىرلاردا سېلىشتۇرغىلى

مۇمكىن بولمايدىغان ئالەمچە پەرىقلەر بار. لوياڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن قەدىمى پايتەخت بولغاندىن سىرت باشقا كۆزگەكۆرۈنگىدەك ئالاھىدىلىكى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى تېزئىكەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا بىزنىڭ قومۇلنىڭ ئەۋزەللىكلىرى كۆپكەن، قومۇلنىڭ كان بايلىقى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىششىنىڭ پايدىلىق نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەككەن. بىزنىڭ سىنىپ مەسئولى خەن مۇئەللىم بەك ئاقكۆڭۈل، سالاپەتلىك، مۇلايىم ئايال بولۇپ، شىنجاڭدىن كەلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ھۆرمىتى ئالاھىدە چوڭقۇرلىقى گەپ-سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. سىنىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار خەن مۇئەللىمنى چىن يۈرىكىدىن ياقتۇرۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلىگەنلەرنى ئاندىن ھۆرمەتلەيدۇ. خەن مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇرۇن شىنجاڭلىقلارنى چۈشەنمەيتىكەن، بۇ بىر قانچە يىلدىن مەكتەپكە كېلىپ كەتكەن بىرنەچچە قارارلىق شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچىراشقاندىن كېيىن، شىنجاڭلىقلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى كۆرۈپ بىزگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلۇشۇپ، شىنجاڭلىقلارغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپتۇ. ھازىر بىر كىتاپ يېزىۋاتقان بولۇپ تېمىسى «مېنىڭ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلىرىم» ئىكەن. مەكتەپ ئورۇنلاشتۇغان ياخشى شارائىت ۋە مۇئەللىمىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىمىزگە كۆڭۈل قويۇپ، توغرا ھەم ئىلمىي يېتەكلىشى نەتىجىسىدە كۈنلەر بىر بىرىنى قوغلۇشۇپ ئۆتۈپ ھەش-پەش دېگۈچە بىزئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نورۇز بايرىمىمۇ كېلىپ قاپتۇ. خەن مۇئەللىم بۇ خەۋەرنى بىزدىن ئىشىتكەندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزگە مەخسوس نورۇز كېچىلىكى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. تېخى3-ئاينىڭ 21-كۈنى مىللىيچە ئاشخانا ئالدىغا خەنزۇچە « نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن»دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئېسىلىپتۇ. تاماقلارغىمۇ بايرام تۈسى قوشۇلغان ئىدى. سىنىپىمىزدىكى جەمئىي ئون ئىككى نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر قازاق ساۋاقداش بەكمۇ خوش بولدۇق. تاماقنى يەپ بولۇپ

ياتىقىمىزغا كىرسەك، مېھمانخانا تەرپىدىن ھەربىر ياتاقتا بايرام ئۆچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان بىر تەخسىدىن مېۋە-چېۋىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنى خۇددى ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىشىپ كەتتۇق.

لوياڭدىكى لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار



لوياڭدىكى كۇنلەرئۆتكەنچە بىر يۇرتقا بېرىش ئىستىكى قەلبىمنى توختاۋسىز ئارامسىزلاندۇراتتى. قايسى بىر يىلى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى يازغان بىر ماقالىدىن لوياڭدا ياشاپ كېلىۋاتقان لىيۇ فامىلىك ئۇيغۇرلار بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشكەنتىم. بەلكىم بۇقېتىملىق ئوقۇش سەپىرىم مېنى كېچە-كۈندۈز تەلپۈندۇرگەن لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلاريۇرتىغا بېرىشىمغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا لوياڭغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئەتراپىمدىكى خەنزۇ ساۋاغداشلىرىمدىن ئۇلار ھەققىدە سۈرۈشتۈردۇم. بىراق، كۆپىنچىسى بۇنداق جاينىڭ بارلىقىنى، يەنە تېخى ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇ يەردە ياشاپ يۇرگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئاخىرى،1949-يىللاردىن كېيىن دادىسى شىنجاڭ قەشقەردە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، شىنجاڭغا بولغان تەلپۈنىشى چوڭقۇر،شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئالتە يېشىدا خېنەنگە قايتىپ كەلگەن ساۋاغداش ۋاڭ شا شا نىڭ

تىرىشىشى ۋە بىزنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىمىزغا مەسئول ما مۇدىرنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن خېنەن سەنمىنشىيا شەھىرى مىيەنچى ناھىيىسىدە ھەقىقەتەنمۇ لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇر ۋە ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئادېرسىغائېرىشتىم. لېكىن، ئۆگىنىش ۋە ئېكىسكۇرسىيەلەرنىڭ بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرغانلىق سەۋەبىدىن دەرھال ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇ جايلارغا بېرىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئارلىقتا جېجاڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ شەھىرى پارتىيە مەكتىپىگە 5 كۈنلۈك ئۆگىنىشكە باردۇق. بۇلغۇلىنىشتىن خالى، سۇلىرى مول، يېشىل گۆھەردەك بۇ شەھەر بەكمۇ تەرەققىي قىلغان، ئادەملىرى شالاڭ، پاكىزە شەھەركەن. شاۋشىڭ پارتىيە مەكتىپىنى مەكتەپ دېگەندىن كۆرە گۈزەل ئېرەمباغ،سەيلىگاھ دەپ تەرىپلىسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ...

شاۋشىڭدا جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن لۇشۈن،جۇئېنلەي ۋە جىياڭ جېشى قاتارلىق 3 نەپەر مەشھور شەخس دۇنياغا كەلگەن ئىكەن. بۇيەردە پۈتۈن دۇنيا ۋە جۇڭگوغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان داڭلىق ماركىلىق كارخانىلاربەكمۇ جىق بولۇپ ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەڭ بۇرۇن دېڭىزغا چۈشكەنلەر ھەم بۇ سىياسەتنىڭ ھەقىقى پايدىسىنى كۆرگەنلەر شاۋشىڭلىقلارئىكەن. شاۋشىڭلىقلار تۇغما سودا ئۇستىسى بولۇپ،ھۆكۈمەتنىڭ قوتقۇزۇش، ئېتىبارسىياسەتلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋالمايدىكەن، مۇستەقىللىق ئىدىيىسى كۈچلۈك بولۇپ،ھەرقانداق قانۇنلۇق سودا ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، كىشىلىرىنىڭ ساپاسىمۇ باشقا يۇرتلاردىن يۇقىرىكەن. شۇڭا بۇ شەھەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدىكەن. بۇ 5 كۈنلۈك ئۆگىنىشنى تاماملاپ،جۇڭگودا قىزلىرى ئەڭ گۈزەل،ساھىپجامالار شەھىرى دەپ تەرىپلىنىدىغان ياڭجۇ شەھىرى ۋە مەشھور دۇڭتىڭخۇ ساھىللىرىنى كۆرگەچ لوياڭغا قايتتۇق.



لوياڭغا قايتىپ كېلىپ ئۆگىنىشىمىزنى يەنەداۋاملاشتۇردۇق. مەكتەپتىن رۇخسەت ئېلىش ئەپسىز بولۇپ 3 ـ ئايمۇ ئاخىرلاشتى. شۇتەرىقىدە كېتىۋىدىغانىغا ھەپتە كۈن قالغاندا يەنى 4 ـ ئاينىڭ4 ـ كۈنى مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان شاۋلاڭدى سەپىرىدىن ۋاز كېچىپ، مۇئەللىمدىن 1 كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ،قومۇل ۋىلايەتلىك مەھكىمە تەرجىمانلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ساۋاقدىشىم ئابلىلىم ھاپىز بىلەن تارىخى ئەھمىيەتلىك سەپەرگە ئاتلاندۇق. مىيەنچى ناھىيىسى ئەسلىدە لوياڭ شەھىرىگە قاراشلىق بولۇپ، بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا سەنمىن شيا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلىپتۇ. بىز تېز پويىزغا ئولتۇرۇپ 2 سائەتتە مىيەنچىغا يەتتۇق.پويىزدا تونۇشۇپ قالغان خەنزۇ يولداش بىزگە بىر قارا تاكسى توسۇپ بەردى. شوپۇربىزنى يېرىم سائەتتىلا يۇچى ئۇيغۇر كەنتىگە （河南渑池县鱼池维吾尔族村） يەتكۈزۈپ قويدى. بىز تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ئىلكىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بۇ سىرلىق كەنتكەكىردۇق. ئالدىمىزدا برقانچە كىچىك باللار يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. تېخى بىر ياش يىگىت قولىدىكى يالتىراق خالتىغا چوۋات (نان) سېلىۋېلىپ بىزگە قىزغىنلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەجەبا ئۇلار مىڭ يىللاردىن بۇيان نان يېقىش مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەنمىدۇ؟! دېگەن خىيال كاللامدىن يالىت قىلىپ ئۆتتى. بىز ئۇلار بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. نان كۆتۈرۈۋالغان ياش يىگىت گەپ تاشلاپ: ـسىلەر شىنجاڭلىق

ئۇيغۇرلارمۇ؟! دېدى.

ــ ھەئە، بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، قومۇل ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار...

ــ قولىڭىزدىكى ناننى بۇيەردە ياققانمۇ؟

يىگىت:ــ ياق، ئالدىڭلاردىلا بىر نەچچە شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار كەپتىكەن، شۇلار بەردى...

ــ ھە...بۇ كەنتتىكى ھەممىڭلار ئۇيغۇرمۇ؟ كىملىكىڭلارنى كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟!

يىگىت:ــ ھەممىمىز ئۇيغۇر، خەنزۇ يوق. مانا كىملىك...

ھەقىقەتەن بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىدە مىللىتى دېگەن جايغا خەنزۇچە ئېنىق قىلىپ ئۇيغۇر دەپ يېزىقلىق تۇراتتى.بۇ چاغدا ئەتراپىمىزغا ئونغا يېقىن ئادەم ئولىشىۋېلىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىملىكلىرىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئۆزلىرىگە خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلە قوللانغان، چىرايىدىن ئۇيغۇرلىقىنى ئانچە بىلگىلى بولمايدىغان، مىللىتى ئۇيغۇر بولغان قېرىنداشلار بىلەن خەنزۇچە قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇلارمۇ بىز ئۇيغۇرلاردەكلا قىزغىن ئىكەن. ئارىلىقتا، ئۇلار يۇچى ئۇيغۇر كەنتىنىڭ رەھبەرلىرىگە تېلېفون ئۇردى ۋە تەلىپىمىزگە بىنائەن كەنتتىكى ئۇيغۇرغا ئەڭ ئوخشايدىغان بىر كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى. بىز كەنت ئىشخانىسىغا كىردۇق، كەينىمىزدىن 5ـ6 نەپەر بالىلارمۇ ئەگىشىپ كىردى. مەن بۇ ئوماق سەبىيلەرگە قاراپ تۇيۇقسىزلار

ــ ياخشىمۇ سىلەر؟ دەپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋەتتىم. ئارىدىكى بىر ئوغۇل بالا شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، مېنىڭ دېگەن گېپىمنى ئەينەن ھالدا قايتىلاپ دېدى. مەن ھەيرانلىقتا ئۇنىڭدىن،ــ بالام سەن ئۇيغۇرچە بىلەمسەن؟! دەپ سورىسام ئۇ ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ«ياق»دەپ جاۋاپ بەردى. ئەتراپتىكى ھەممىمىز بۇ قوي كۆزلىرىدىن ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بالىغاقاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بالىلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرغا ئوخشايدىغانلىرىدىن ئىككىسى باركەن، بۇ بالىلارنىڭ تىلى يۇمشاقكەن، بىز ئۆگەتكەن ئاددى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى بىزگەئوخشاش توغرا تەلەپپۇز قىلالىدى. مەن مەستىلىكىم كېلىپ ئارىدىكى ئىككى بالىغا ئۇيغۇرچە كۇنبەگ، باتۇر دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇم...نىمىشقىكىن

ئۈلار بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئالاھىزەل بىرەر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن يۇچى ئۇيغۇر كەنتىنىڭ مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىدىغان لىيۇرۇنجۇ ئەپەندىم كېلىپ، بىزنى ناھىيە بازىرىدىكى مۇسۇلمان ئاشخانىسىدا تاماققابئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئاشخانىدا يەنە 3 نەپەر شىنجاڭلىق ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى ماشىنىسىغا سېلىپ ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كەتتى. قايتىشىمىزدا مىڭ يىلدا بىر قېتىم دىدارلاشقان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقاندەك ھېسياتتا قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. يولدا لىيۇرۇنجۇ كەنتىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى.بۇ كەنتتە1000دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىكەن، ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى دېھقانچىلىق ۋە سودا-سېتىق ئىكەن. باللار خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بۇ يەردىكىلەرئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىنجىتقىلى كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەيدىكەن. يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئېتىقادپۈتۈنلەي خەنزۇلىشىپ كېتىپتۇ. ئاجايىپ يېرى، يۈەن سۇلالىسى زوۋال تېپىپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەۋردە تارىخى قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قېلىش مەقسىتىدە،فامىلىسىنى ئانا جەمەت (يەرلىك چوڭ جەمەت لىيۇ فامىلىلىك خەنزۇلار بىلەنقۇدىلىشىپتىكەن ) لىيۇ فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى خەنزۇ دېيىشكە مەجبوربولغان بۇ ئۇيغۇرلار 7 ئەسىردىن كېيىنمۇئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماي چىڭ، گومىنداڭ دەۋرلىرىدىن تارتىپ يۇقىرى-تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ ئاخىرى ئازاتلىقتىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرەپ تەستىقلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى ئۇيغۇرغا ئالماشتۇرۇپتۇ.

مەن لىيۇرۇنجۇدىن:- سىلەر ئازسانلىق مىللەت سىياستىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ مىللەت نامىنى ئۆزگەرتكەنمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا ئۇزاقلارغىچە تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ، -ياق! بىزھازىرغىچە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالماي ياشاپ كەلدۇق. بىز ھەم بۈگۈنگىچەئازسانلىق مىللەت سىياستىدىن بەھىرلىنىش تەمەسىدىمۇ بولمىدۇق. يۇرتىمىزدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن نۇرغۇن كىشلەر ئۆز كىملىكىنى ئۇيغۇرغا

ئالماشتۇرالماي يۈرۈيدۇ. سىنىڭچە ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش ئاسانمۇ؟! ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن يۇرتلاردا ئۆز ئەجدادىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ياشاۋاتقان، ئەمما، مىللىتى خەنزۇ بولۇپ كەتكەنلەر بەك جىق،مەن ھەمسەن شۇلارنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك...دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ بىزنى بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىككىنچى قەۋەت ئايرىمخانىغا كىرسەك 3 نەپەر ئۇيغۇركىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىلەن بىللە يەنە بىر يەرلىك ئۇيغۇر پىشقەدەم باركەن. شىنجاڭدىن كەلگەنلەرنىڭ بىرىنى مەن تورلاردا كۆرۈپ تۇرغاچقا تونۇيدىكەنمەن، ئۇ بىزنىڭ پەخرلىك ئەركىن مۇشتىلىشىش پالۋانمىز ئابدۇرېشىت ئابلەتخان ئىدى. يېنىدىكى مويسپىت كىشى ئاتىسى، ياشراقى شاگىرتىكەن. يەرلىك كىشى بولسا مىيەنچى ناھىيلىك ئۇيغۇرئۇيۇشمىسىنىڭ پىنسىيونېرى لىيۇ رۇنشىڭ ئىكەن. بىز قىزغىن سالام-سەھەتلەر بىلەن تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشقاچ تائاملارغا بېقىپ ئولتۇرۇشتۇق. تارىخنىڭ ئاجايىپ تەقدىر-قىسمەتلىرى بىزنى بۈگۈن مىڭ يىللارچە كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىريەردە جەم قىلىپتۇ. 70 داۋانغا ئۇلاشقان لىيۇ رۇنشىڭ ئەپەندىمنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇيغۇرنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بالدۇر قايناپ چىققان جايى، ئانا بۆشۈكى باشقا جاي بولماستىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككەن، دەل بۈگۈن كىسىرىق دەريا (خۇاڭخې) ۋادىسىدا ئىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە جۇڭگو تارىخىغا يېزىلغان ماتېرىياللارنى ۋە ئۆزى يازغان ماقالىنى ماڭا ۋە ئابدۇرىشىتقا كۆپەيتىپ بەردى.تاماقتىن كېيىن، بىز ئابلېلىم ھاپىز،لىيۇرۇنجۇ، لىيۇرۇنشىڭ قاتارلىق تۆت ئادەم مىيەنچى ناھىيسىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇركەنتى يىلىخې 一里河维吾尔族村 غا يېتىپ كەلدۇق.

ئابدۇرىشىت پالۋاننىڭ ئالدىراش ئىشى بولغاچقا كېتىپ قالدى. بۇ يەردە لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ئابىدىسىدىن ئۇچى تىكلەنگەن بولۇپ، قەدىم جەمەت قەبرىستانلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانكەن.بەلكىم، ئۇلارنىڭ تا بۈگۈنگىچە ئۆز كىملىكىنى ئۇنتىماي ساقلاپ كېلىشىگە سەۋەب مۇھىم ئامىل ئاشۇ تارىخى ئابىدىلەر ۋە ئەجدادىنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆچمەس شانلىق، سەلتەنەتلىك تارىخى بولسا كېرەك. بىز قەبرىستانلىققا

كىرىپ تۇرىشىمىزغا قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، بويلىرى ئىگىز بىر قاراشتا ئۇيغۇر سىياقى بار، سالاپەتلىك بىر كىشى كۇلۇمسىرەپ يېتىپ كەلدى. بۇ كىشى يىلىخې ئۇيغۇر كەنتىنىڭ (族长)كەنت باشلىقى ئىكەن، ئىسمى لىيۇ جىجۇن بولۇپ،كەنتىدە 300دىن ئارتۇق ئۇيغۇر نوپۇسى باركەن. گەپ ئارىسىدا مەن بۇ كىشىگە قاراپ:ئاكا، سەن ئۇيغۇرغا ئوخشايدىكەنسەن، دېسەم، ئۇ كۇلۇپ كېتىپ: ـمەن ئەزەلدىن ئۇيغۇرتۇرسام، نىمىشقا ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدىكەنمەن، دەپ پەخىرلىك هالەتتە كۇلۇمسىرەپ جاۋاپ بەردى. بىز كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تەزكىرىدىن مىيەنچىدىكى لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار هەققىدىكى دەسلەپكى ئىشەنچىلىك ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق. تەزكىرىدە بايان قىلىنىشىچە: سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەگىشىپ خېنەنگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقتا كۆرسەتكەن قەهرىمانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشتا قوشقان تۆهپىسى ئالاهىدە زور بولغاچقا، يۈەن سۇلالىسى قۇرغۇچىلىرىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا هەم ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈز يىلدىن ئارتۇق هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد يۇقىرى مەرتىۋىلىك هوقۇق تۇتۇپ كەلگەن. بىرىنچى ئەۋلاد سىچىن قايا (刺真海牙) يۇڭ نىڭ،لىڭ باۋ، شەن شەن،مىيەنچى، يى ياڭ قاتارلىق بەش يۇرتنىڭ دارۇغاچى بولغان. ئىككىنچى ئەۋلاد تۆل قايا (脱列海牙) سىنەن (هازىرقى گۇيجۇ) ئايغاقچىسى بولغان.ئۇچىنچى ئەۋلاد ئاتمىش قايا(阿的迷失海牙)ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ مىيەنچى، شىن ئەن، چا لىڭ (هازىرقى خۇنەن ئۆلكىسى) ئۇچ ناهىيە بىرئۆلكىنىڭ دارۇغاچى بولغان دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن مىيەنچى چېڭ دوڭغا(城东) كېلىپ يەرلەشكەن. 1368 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغاندا،تۆرتىنچى ئەۋلاد قۇت قايا (忽 都 海 牙) خەنزۇ بولمىغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن فامىلىسىنى ئۇلۇغ مومىسىنىڭ لىيۇ فامىلىسىنى قوللىنىشقا باشلىغانكەن. بەشىنچى ئەۋلادنىڭ ئىسمى لىيۇجىن (刘瑾) ئۇ خۇنەن چاڭشا شاڭتەن ناهىيىسى هاكىمى، بېيجىڭۋېن ئەن ناهىيىسى هاكىمى بولغان، مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې ئون بىرىنچى يىلى(1413 ـ يىلى)

گۇڭدۇڭ ئۆلكىسى پەرمانبەردارلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. مىنگو يىللىرى تۈزىتىلگەن مىيەنچى ناھىيە تەزكىرىسىدە لىيۇ جىن، ئۇيغۇر ، كۆڭلى كۆكسى كەڭ، سىلىق -سىپايە،ئاقسۆڭەكلەرچە سالاپەتلىك زات، دەپ تەرپلەنگەن. ئالتىنچى ئەۋلاد لىيۇ جىدۇن شەنشىئۆلكىسىنىڭ پەرمانبەردار باشلىقى بولغان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىدە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ھوقۇق تۇتۇپ، باياشات ياشاپ كەلگەن لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار كېيىنكە يىللىرى دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبور بولۇپ نامراتلىشىپ كەتكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن ھەرتەرەپلىمە سىياسەتلەرنىڭ تۈزىتىلىشى بىلەن ئۇلارمۇ ۋەتەن ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بىر كىشلىك ھەسسىنى قوشۇپ تىرىشىپ ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ 20 نەچچە رايون، شەھەرۋە ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى مەلۇم، ئۇلار ئازادلىقتىن بۇرۇن ئامالسىزلىقتىن مىللەت ئىسمىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى خەنزۇ دەپ، خەنزۇچە ياشاشقا مەجبور بولغان، ئازاتلىقتىن كېيىن يىلسېرى مىللەت نامىنى ئۇيغۇرغا ئۆزگەرتىدىغانلار كۆپەيگەن، ئۈچىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرەشتە، خېنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى(1982-يىلى) 720نەپەر بولغان، لوياڭدا ئەڭ كۆپ بولۇپ 601 نەپەر ئۇيغۇرباركەنتۇق. ھازىر دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا جەمئىي 1600دىن ئارتۇق لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇر شەنشى(گېتىياۋگۇ كەنتىدە لىيۇ فامىلىلىك 30دىن ئارتۇق ئۇيغۇر باركەن)، گەنسۇ، چىڭخەي، لىياۋنىڭ،بېيجىڭ، شەندۇڭ، خۇنەن، گۇاڭشى، جېجىياڭ، تەيۋەن، ئامرىكا قاتارلىق يەرلەردەياشاۋېتىپتۇ. مىيەنچى ناھىيىسىدە ئەڭ كۆپ ئىكەن. پاراڭ ئارلىقىدا لوياڭنىڭ جىڭجۇ شەھىرى، چاڭگې(شەھەر دەرىجىلىك ناھىيە)لاۋچېڭجىن يىنجاتاڭ كەنتىدە(老城镇尹家堂村) جىيەن (翦) فامىلىلىك، كەيفېڭ شەھىرىدە ۋاڭ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى بىلدىم. يەنە جېجاڭ، خيلۇڭجاڭ، يۈننەن، شەندۇڭلاردىمۇ ئۇيغۇرلار بارمىش...پۇرسەت بولسا ئۇلارنىمۇ يوقلاپ كېلىش نىيىتىم بار.

بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا، ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى بەكمۇ كۈچلۈككەن. لېكىن، شىنجاڭغا بېرىشتىن ئېھتىيات

قىلىدىكەن ، بارسىمۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن، چۈنكى ئۇلاردا پەقەت ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئۇيغۇرچە ئالامەتلەرنىڭ يوقلىقى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىمۇ ئازاپلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەتتا، ئۇلارمۇ كىملىكىدىكى ئۇيغۇر نامى سەۋەبلىك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مېھمانخانىلاردا قارشى ئېلىنمايدىغان «ئۇيغۇرلار» چە مۇئامىلىگە دۇچار بولىدىكەن. 1994-يىلى مىيەنچىدىكى 1500دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاقساقال(族长)نىڭ چاقىرىقى بىلەن 2-ئاينىڭ15-كۈنى جەمەت قەبرىستانلىقىغا يىغىلىپ ئەۋلادلارنى سېغىنىپ نەزىر بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىك خەنزۇلاردىن پەرقلىنىدىغان بىردىن بىر ئالاھىدىلىكى، ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى قەبرە يوقلايدىكەن. لىيۇرۇنجۇنىڭ دېيىشىچە باشقا ياخشى ئۆرپ-ئادەتلىرى خەنزۇلار تەرپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى يوقىلىپ كەتكەن ئىكەن.

خېنەندىكى لىيۇفامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ۋە قانلىق تارىخىدىن بىز بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئاسمىلاتسىيە بولۇش قىسمەتىنى كۆرۈۋالالايدىكەنمىز. بىراق، بۇ لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا ئېقىۋاتقىنى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، چەۋەندازلىرىنىڭ قېنى!ئۇلارنىڭ ئاسانلىقچە يوقالمايدىغانلىقىنى مىيەنچىگە كەلگەن ئادەملەرلا ھېس قىلالايدۇ.

مانا بىر كۈنمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈگىدى. نەچچە يۈز يىللىق تارىخنىڭ ھېس-سەزگۈلىرىنى بىر كۈندەتاماملاشقا مەجبورمىز، قەلبىمىزدىكى جاۋاپسىز قالغان نۇرغۇنلىغان سۇئاللارنى ئېلىپ ئەسىرلىك دىدارلارغا خەير دېمەسلىككە ئامالىمىز يوق. قايتىشقا تەييارلىنىپ تۇرساق،كەنت باشلىقى لىيۇ جىجۇن سەل ساقلىشىمىزنى ئېيتتى ۋە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ مىيەنچىدىكى ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدىن بىرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ماڭا تۇتقۇزدى. ئارىدىكى پاراڭلاردىن مەزكور تەزكىرىنىڭ نەشىرىنىڭ ئازلىقى، يىلىخېدا پەقەت بىر نەچچىلا كىتابنىڭ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز، دەپ بۇ قىممەتلىك سوۋغاتنى ئېلىشنى رەت قىلدىم. كەنت باشلىقىنىڭ مەن دېمەتلىك ئوغلى

باركەن، ئۇ قومۇل شەھىرى تاشۋىلىق يېزىسىغا قاراشلىق سۆجە كارىزدا كان ئاچىدىكەن، تېخى ئوغلىنىڭ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قومۇلدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. گەپ تۈگەپ بولغىچەقولتۇقىغا كىچىك بايۋەتچىلەر قاپچۇقىنى قىستۇرىۋالغان ياش يىگىت ئالدىمىزدائۆندى... لىيۇ فېڭ ئىسىملىك ئوتتۇرا بوي يىگىت بەكمۇ ئوچۇق-يورق، مەردانە ئىكەن، شۇنچەيىراقتىن بىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىمنى مېھمان قىلىمەن، مېھمان قىلمىسام قانداقمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز، دەپ زورلاپ بىزنى يېرىم سائەتتەئاران قويۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلىقى، تەكلىپ-تەكەللۇپلىرى ھەقىقى ئۇيغۇرلادەكلا قىزغىن ئىكەن.

بىز بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قومۇلغا، شىنجاڭغا بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.بىزنى لىيۇرۇنجۇ پويىز ئىستانسىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ قىسقىغىنە سەپەردە ئۇ مىيەنچى كەنتىدىكى ئاقساقالنىڭ ئەتىگەندە بىزگە دېگەنلىرىنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. ئاقساقال بىز بىلەن خوشلاشقاندا، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگەنگۈسى بولسىمۇ يېشىنىڭ چوڭلاپ كەتكەنلىكىنى لېكىن كەنتتىكى ياشلارنىڭ ۋە مىيەنچى كەنت ئۇيغۇر مەكتىپىدىكى سەبىيبالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنتى.ئۇلار ھەم يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مىيەنچى ئۇيغۇر مەكتىپىگە ئۇيغۇرچەدەرسلىك كىرگۈزۈش، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس يېزىۋاتقانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش ئارمانىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنتى. بىزنىڭ كۈچىمىز بىرنەرسىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن شۇ دەقىقىلەردىكى ھاياجانلىق دەملەرنىڭ كۈچىدىنمۇئەيتاۋۇر ئۇلارغا خېلى كۆپ ۋەدىلەرنى بەردۇق. لىيۇ رۇنجۇغىمۇ يەنە شۇنداق تاتلىق،شېرىن-شېكەر ۋەدىلەرنى بېرىپ قايتىشقا مەجبورمىز...خەيىر بىزگە پۈتۈنلەي سىرلىق مىيەنچى، خەيىر قەلبىگە نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئارمانلار پۈككەن قېرىنداشلىرىم...خەيىر!

پويىزغا چىققاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەپەككۇردېڭىزلىرىغا غەرق بولدۇم. ئەگەر بۇ

ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدە، تاش ئابىدىسىدە يېزىلغاندەك چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ خېنەنگە كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ تارىخى 700يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. تارىخ بىلىدىغانلارغا مەلۇم، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى چىڭگىزخان بىلەن بىرلىكتە قوشۇن تارتىپ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان. جەڭگىۋار ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ،سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنىڭ قەدىمى ياۋرو ـ ئاسيا قىتئەلىرىگە يېتىپ، بۇ زىمىنلارنىڭ مۇڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ تۆمۈر تۇيىقى ئاستىغا توپلىنىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. خېنەندىكى لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ۋەئۇلارنىڭ قەبرە يوقلاش، ئەجداتلار روھىغانەزىر بېرىش كۈنىنىڭ خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن، بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە تېخى ئىسلام دىنى تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، بۇددا دىنى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كىرگەنلىكىگەھۆكۈم قىلساق خاتالاشمايمىز. لوياڭغا كېتىۋاتقان تېز پويىزنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، تەپەككۇر تۇلپارلىرىم ئەسىر ئاتلاپ چاپماقتا!..

## چاڭگېدىكى جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار

مىيەنچىدىن قايتىپكەلگەندىن كېيىن، لوياڭ پارتىيە مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ۋە ئېكىسكۇرسىيەلىرىمىز ئۆز پېتى داۋاملىشىپ ماڭدى. گەرچە مەكتەپتىكى كۈنلەر ئەھمىيەتلىك ئۆتىۋاتقان بولسىمۇ،مىيەنچى سەپىرىدە ئاڭلىغان چاڭگېدىكى جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار خىيالىمغاكىرىۋېلىپ كۆڭلۈم زادى ئارام تاپمىدى. بۇ قېتىملىق خېنەن سەپىرى ھاياتىمدىكى تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالمىسۇن! چاڭگېدىكى ئۇيغۇرلارنى چوقۇم يوقلاپ كېلىشىم كېرەك،دەيدىغان كۈچلۈك بىر نىدا يۈرىكىمدە مىنۇت ـ سكونت ياڭراپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ يەرگەبېرىشنى قارار قىلدىم، خەن مۇئەللىمگە ئۆزەمنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئېيتقانتىم، ئۇ بىخەتەرلىكىمگەدىققەت قىلىشىمنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ رۇخسەت بېرىشكە ماقۇل بولدى. مەن يەنە بىرقېتىملىق ئېكىسكۇرسىيەدىن ۋاز كېچىپ، 4 ـ ئاينىڭ10 ـ كۈنى جىڭجۇدا شاگىرتلىرىنى تەربىيەلەۋاتقان ئابدۇرېشىت پالۋان

بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەنزىلگە قاراپ پويىز بىلەن يۈرۈپ كەتتىم. شۇ كۈنلەردە مېيەنچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى لىيۇ رۈنشىڭمۇجىڭجۇغا بىر ئىش بىلەن بارغانكەن ئابدۇرېشىت ۋە مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ پويىزئىستانسىدا ساقلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ. مەن تاڭ سەھەر ئۈرۈمچى ۋاقتى 4:20 نىڭ پويىزى بىلەن مېڭىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن جىڭجۇ پويىز ئىستانسىدا لىيۇ رۈنشىڭ بىلەن يولۇقتۇم. ئابدۇرېشىتنىڭ ئازراق بېجىرىدىغان ئىشى بولغاچقا كېلەلمەپتۇ، بىز ئىككىمىز جىڭجۇ ۋوگزالى ئەتراپىدىكى «ئۇيغۇر مېزىلىك تائاملىرى» ئاشخانىسىغا كەلدۇق.ئەتىگەندە ئابدۇرېشىت بىلەن لىيۇ رۈنشىڭ مۇشۇ يەردە تاماق يەپتىكەن. ئابدۇرېشىتنىڭ دېيىشىچە، ئۇ خېنەن ۋۇلىنفېڭغا قاتنىشىدىغان مەزگىللەردە، بۇ يەردە پات ـ پات تاماقلىنىپ تۇرغانلىقتىن خوجايىن بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن. بىز كەلسەك ئۇ ئىش بېجىرگىلى كېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە چاڭگې شەھىرى لاۋچېڭ بازىرى يىنجاتاڭ كەنتىدىكى جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا تەڭ بېرىشقا كېلىشكەنتۇق. ئەمدى، بىزئاپتۇبۇس بىلەن ئالدىن بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇق، ئابدۇرېشىتلار كەينىمىزدىن كەلمەكچى بولغانتى، بىراق، ئىشىنى بېجىرىپ بولالماي كېلەلمىدى.

ئاپتۇبۇستا كېتىۋېتىپ بۇ پىشقەدەم لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتىم، ئۇنىڭدا بىرئۆمۈر ئۇيغۇر ئۈچۈن لاۋۇلداپ كۆيگەن يۈرەكتىن باشقا، ھېچبىر ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدىغان سىن يوقتى، ئاپتۇبۇستىكىلەر بىز ئىككىمىزنىڭ سۆھبەت قۇرۇپ، قىزغىن مۇنازىرىلەردە بولىۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ ھەيرانلىق نەزىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىزقالاتتى. بەزىلىرى بىزگە گەپ تاشلىماقچى بولاتتىيۇ،نىمىشقىكىن گېپىنى يۇتۇۋېتىپ باشقا ياقلارغا قارىۋالاتتى. . .ئىككى سائەتلەر يول ماڭدۇقمىكىن، ئىككىمىزلا ئۇيقۇغاغەرق بوپتىمىز. لاۋچىڭ بازىرىغا چۈشۈپ، بېكەتتىن چىقىشىمىزغا ئالدىمىزغا خېرىدارئىزلەپ كەلگەن چوڭ ياشلىق خەنزۇ يولداشنىڭ ئۈچ چاقلىق كىرا موتوسىكلىتىغائولتۇرۇپ، مەنزىلگە قاراپ ئاتلاندۇق. ئۇ گېپىمىزنى خاتا چۈشىنىپ قالدىمۇ نىمە،بىزنى تەتۈر يۆلىنىشكە باشلاپ، بايا دېگەن گېپىمىزدىن مىڭ يىل قارسىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بىر چىركاۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ

باردى، لىيۇ بوۋاي ئاچچىقىدا ئۇنىڭغابارىدىغان يېرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ قاتتىق كايىپ كەتتى، كىراكەش ئۆزرە ئېيتىپ،ھە!ئەمدى بىلدىم، ھە، سىلەر بارىدىغان جاينى ئەمدى بىلدىم، كەچۈرۈڭلار، مانا ھازىرلا بارىدىغان يېرىڭلەرگە ئاپىرىپ قويىمەن، دەپ بىزنى يەنە ئەسكى تۆمۈرگە بېسىپ،ئەبجىقىنى سەت غارقىرتىپ يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغاباشلاپ كەلدى، بىز مەسچىتتىكىلەردىن سورىساق، بۇ يەرمۇ بىز ئىزلىگەن جاي ئەمەسكەن،مەسچىتتىكى خۇيزۇلارنىڭ دېيىشىچە، بىز بارماقچى بولغان يەرگە يەنە ئىككى سائەتلىك مۇساپە باركەن. ھېلىقى بىزەڭ كىراكەش ئەمدى قىلغىلى گەپ تاپالمىدى، بىزمۇ ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىمىزنى ئۈزدۇق. بېرىدىغان ھەققىنى بېرىۋېتىپ، لىيۇ رۇنشىڭ ئىلگىرى ئالاقىلەشكەن جىيەن فا مىلىلىك بىرسىگە تېلېفۇن ئۇرۇپ كېلىش مەقسىدىمىزنى دېدۇق،ئۇلار بىزنى ئالغىلى كېلىدىغان بولدى. لىيۇ رۇنشىڭمۇ بۇ يېشىغىچە جىيەن فامىلىلىكلەرھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئىزدەنگەن بولسىمۇ بۇ يەرگە تېخى تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىكەن. ئالاھىزەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن كولرەڭ پىكاپ ھەيدىگەن، بېشىغا ئاق شاپاق كىيىپ ئاددى ـ ساددا كىيىنگەن، تەقى ـ تۇرقىدىن مۇلايىملىق يېغىپ تۇرىدىغان ئىككى كىشى بىزنى ئالغىلى كەلدى. قىزغىن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يىنجاتاڭ كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ماشىنىدا يىراق قومۇلدىن كەلگەن، تېخىچە كۆپ نەرسىلىرىنى يوقاتمىغان ساپ ئۇيغۇر، ئاللىمۇ قاچان تىلىدىن، مەدەنىيتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر ۋە تىلىدىن ئايرىلسىمۇ، مەدەنىيتىدىن يىراقلاپ كەتسىمۇ،يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئېتىراپ قىلىپ، ھۆججەت چۈشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن بۇنىڭدىن 15 يىل مۇقەددەم پۈتۈن يۇرت خەلقى نەزىر تارتىپ مىللەت كىملىكىنى ئۇيغۇرغا، دىنىنى ئېتىقادىنى ئىسلامغا ئۆزگەرتكەن ئىككى نەپەرئۇيغۇر خەنزۇ تىلىدا قانماي مۇڭدىشىپ كېتىۋاتماقتىمىز. . .بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت مەنلا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئانا تىلىمداتەپەككۇر قىلالايمەن، ئۇلار بولسا ئانا تىلى تەپەككۇرىدىن ئايرىلغىلى تولىمۇ ئۇزاق

يىللار بولغان قېرىنداشلىرىم...لېكىن، كىممۇ ئۇلارغا قايىل بولماي تۇرالىسۇن؟!

ئۇزاق تارىخى داۋالغۇشلار، ئۇرۇش، توپىلاڭ ۋە خانلىقلارنىڭ توختاۋسىز ئالمىشىش جەريانلىرىدا نۇرغۇنلىغان قەدىمى مىللەت، قەۋملەرنى ئۆز باغرىدا يۇغۇرۇپ تاشلىغان بۇ سىرلىق زېمىن، بۇ سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قېلىپتۇ. ئۇلاريەنىلا ئۆزلىرىنى بىز ئۇيغۇر دەپ، پەخرى بىلەن ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ ھەم ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تىرىشىۋېتىپتۇ. شۇ ئوي-خىياللار ئىلكىدە يېنجاتاڭ كەنتىگەيېرىم سائەتتىلا كىرىپ كەلدۇق، جيەن فامىلىلىك قېرىنداشلار بىزنى ئۇدۇللائۆزلىرىنىڭ جامئەسىگە باشلاپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا سائەت ئۇرۇمچى ۋاقتى ئوندىن ئاشقانتى. مەسچىت بەكمۇ ھەيۋەتلىك ياسىلىپتۇ، مەسچىت ھويلىسىدىلا يەسلى بار بولۇپ، بىزنى كۆرگەن سەبىيلەر چۇچۇك تىللىرى بىلەن: -ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ سالام قىلدى. يەسلى مۇئەللىمى شۇ كەنتلىك يىن فامىلىلىك خۇيزۇ ئايالدىن ئۇقۇشساق يەسلىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ باللىرى بىرلىكتە ئوقۇيدىكەن. لىنشادىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن مەسچىت ئىمامى بىزنى يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرەشچىدەك ھېس قىلىپ قالدىمۇ نىمە بىزنى كۆرۈپلا زارلاپ كەتتى، ئۇنىڭ بايانىچە، 3 يىل ئىلگىرى ئۇ بۇ مەسچىتكە ئىمام بولسا ھۆكۈمەت 800يۈەن، كەنت جامائىتى 800يۈەن بېرىدىغانغا كېلىشىپ كەپتىكەن، بىراق، كەنتتىكىلەرنىڭ كىرىمى چاغلىق بولغاچقا، پۇلنى بىر يىلدىن بۇيان بەرمەيۋېتىپتۇ. ھەمدە يامغۇر ياغقان كۈنلىرى مەسچىت تورۇسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، ھۆلچىلىكتە ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، دەپ زارلاندى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقان جيەن فامىلىلىك بىرقانچەقېرىنداشنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كەتتى.

مەن ئارلىقتا، بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىمىزنى قايتا ئۇقتۇرغاندىن كېيىنلا بۇ ئىمام سۆزلەشتىن توختاپ، يانغا ئۆتتى. بۇ بىر قانچەيىلدىن بۇيان يېنجاتاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرى بۇزۇپ،چېقىشقا توغرا كەلگەچكە،بۇرۇنقى دېقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىدىن ئۆزگۈرەپ سۇلياۋ بويۇملارنى ياسايدىغان كىچىك-كىچىك كارخانىلارغا تەرەققىي قىلىپتۇ. يەرلىرىدىن ئايرىلغاچقا تۇرمۇشىنى سېرىقتال ئۆتكۈزىدىكەن. بىز كىرگەن مەسچىت

ھويلىسىدا خوتەن ئۆلكىسى تاۋيوەن ناھىيە فېڭشۇئۇيغۇر، خۇيزۇ يېزىسىدىن جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى ئەۋلاد بوۋىسى خېلىل بارس سانغۇننىڭ قەبرە تېپى تىكلىنىپتۇ. بۇ تاشتىكى مەزمون فېڭشۇدىن ئەينەن نۇسخىلاپ كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، داڭلىق ئۇيغۇر تارىخچى ئالىم جىيەن بوزەننىڭ(翦伯赞) ئوغلىنىڭ پۈچىركىسىدا يېزىلغان، ئېگىزلىكى 3 مېتىر ئەتىراپىدىكى خاتىرە تاشكەن. خاتىرە تاشتا جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ سانغۇنى قارا باخشى قوماندىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، مىڭ سۇلالىسى خانى جۇيۇەنجاڭغا ياردەملىشىپ توپىلاڭ تىنجىتىپ، يۇرت ساقلىغانلىقى بايان قىلىنغانكەن. مەن ئۆزەمنىڭ قومۇلدىن كەلگەنلىكىمنى دېگىنىمدە، ئەتىراپتىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزدىن كەپسەن، دەپ مەن بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغانلارمۇ بىرلەپ، ئىككىلەپ كېلىپ پاراڭلار تېخىمۇ قىزىدى.

تارىخى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولىشىچە، جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئەسلى قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنىڭ سانغۇنى قارانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، قومۇللۇق ئىكەن، 12-ئەسىردەقۇچۇ ئىلى غەربى لياۋنىڭ مۇستەملىكىگە چۈشۈپ قالغان،غەربىي لياۋخاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان، شۇ ۋاقىتتا قۇچۇ خاندانلىقىدا تۇتۇقبېگى بولىۋاتقان قارا(哈勒) بىلەن ئىدىقۇت（亦都护）بىرلىكتە لياۋ خانىنىڭ قۇچۇدىكى نائىپبېگىنى(دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى) ئۆلتۈرۈپ تۆمۈرچىن (چىڭگىزخان) تەرەپكەئۆتۈپتۇ. مۇڭغۇللارنىڭ شىشا، جىن، سۇڭ خاندانلىقلىرىنى مەغلۇپ قىلىشىدا قۇچۇ ئۇيغۇرخاندانلىقىنىڭ تۆھپىسى زور بولغان. قارانىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلىقى يۈەنتەيزۇنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە غالىب سانغۇنلۇق ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلىنىپ، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن. 14-ئەسىردە، يۈەن سۇلالىسى گۇمران بولغان، مىڭ تەيزۇ جۇيۇەنجاڭ كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرىنى داۋاملىق ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ،خېلىلنىڭ

ئەۋلادى باخشى(بارس) (خەنزۇچىدا 十八) يۇرت ئىگىلەش باشلامچىسى قىلىپ، يەنجىڭ (هازىرقى بېيجىڭ)نىڭ باشبۇغلۇق ۋەزىپىسىنى بەرگەن. يۈەن سۇلالىسى زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ داتۇڭ هۇجۇمى، شۇچاڭنى ئېلىشقاتارلىق نۇرغۇن جەڭلەردە ياۋنى يوقىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن قارا باخشىغا1371 ـ يىلى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنلۇق مەرتىۋىسى بېرىلىپ، خەنزۇچە جيەن (翦) فامىلىسى تارتۇقلىنىپتۇ. مانا بۇ خۇنەندىكى جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى. بۇيەردە يەنە ئىككى مۇھىم نۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۇش كېرەك.

بىرىنچىسى، جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ جيەن فامىلىسىنى ھەقىقى قوللىنىشقا باشلىغان ۋاقتى ئۇچىنچى ئەۋلاد جيەن چاڭلى (黎 常 翦) دىن باشلانغان،1954 ـ يىلى تارىخچى ئالىم جيەن بوزەن يۇرتى تاۋيۈەنگە تەكشۈرەشكە كەلگەندە دۆلەتلىك مىللەتلەركومىتېتىغا ئىلتىماس يېزىپ، تەستىقلىنىشى بىلەن «جيەن فامىلىلىك خۇي خۇي» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلار، خۇي خۇيلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ھەقىقى تۈردە مىللەت نامىنى ئۇيغۇرغا ئۆزگەرتكەن. 1956 ـ يىلىدىن بۇرۇن جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى غەربى دىياردىكى خۇيبۇ(قومۇل چىڭ دەۋرىلىرىدىمۇ خۇيبۇ دەپ ئاتالغان، كىشىلەر خاتاھالدا «خۇي» نامىنى خۇيزۇلارغا باغلىۋېلىشىدۇ.)دىكىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. 1956 ـ يىلىدىن كېيىن تاۋيۈەنلىكلەر شىنجاڭ بىلەن بولغان دوستانەمۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە باشلىغان. 1991 ـ يىلىدىكى تۆرتىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرەشتە چاڭدې شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپوسى 446 نەپەر بولغان. ئۇلارچاڭدې شەھىرىدىكى چېڭگۈەن بازىرى، ناھىيەبازىرى، شىشاڭ يېزىسى قاتارلىق يۇرتلارغا تارقالغان بولۇپ، لاۋچېڭ بازىرىدا ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ جەمئىي 384 نەپەر ئىكەن.

ئۇنداقتا خېنەن چاڭدې شەھىرىدىكى جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە قاچان ، نىمە سەۋەپتىن كېلىپ قالغان؟!

1980 ـ يىلى 10 ـ ئايلارداخۇنەن تاۋيوەن ناھىيە فېڭشۇ گوڭشېسى، خېنەن چاڭگې شەھىرى يىنجاتاڭ كەنتىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرىۋالغان. خەتكە جىيەن پۇچاڭ قاتارلىق ئون كىشى ئىمزا قويغان بولۇپ، خەت تاپشۇرىۋالغۇچىلار تاۋيوەندىكى جىيەن رېنچېڭ، جىيەن شاڭشېڭ، جىيەن شاڭيۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئىدى.

خەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى:

«جۇڭگو رەسىملىك گېزىتى»«جۇڭگو مائارىپ ژورنىلى»دىن يۇشۇدىكى جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ ئىنتايىن خوشال بولغانلىقى، يىنجاتاڭدىكى400 ـ 500دىن ئاشىدىغان جىيەن فامىلىلىكلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇيەرلىك ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغائېرىشەلمىگەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدىن ياخشى بەھىرلىنەلمەيۋاتقانلىقى، مۇمكىن بولسا خۇنەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ،خېنەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر كومىتېتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، يىنجاتاڭ كەنتىدىكى جىيەن فامىلىلىكلەرنىڭ مىللەت تەركىبىنى سىياسەت بويىچە ئايرىپ بېرىشىنى سوراپ،ياردەم تەلەپ قىلىنغان. شۇ چاغدىكى فېڭشۇ گوڭشې ئۇيغۇر پارتىيە كومىتېتى سېكرتارجىيەن رېنچىڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشقا بېشى قاتقان بولسىمۇ ئەمما ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولغان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەندە، يەنى 1981 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ تىڭنىيەن، دۆلەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېن يىڭ قاتارلىقلار فېڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ كەنتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە جىيەن رېنچىڭ، جىيەن شاڭشېڭلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،يىنجاتاڭدىكى جىيەن فامىلىلىكلەرنىڭ مەسىلىسىنى بۇ رەھبەرلەرگە دوكىلات قىلغان. بۇمەزگىلدە ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقاتىدىكى لى دىڭرېن، ياڭ سىچاڭلار فېڭشۇدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماتېرىيال يىغقىلى كەلگەندە، ئۇلارغا چاڭگېدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئىككى يۇرتتىكىلەرنىڭ ئون نەچچە يىلغا سوزۇلغان توختاۋسىزتىرىشچانلىقى ۋە يۇرت ئاتلاپ

ئالاقە ئورنىتىپ ئۆزئارا چۈشىنىش، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋەتەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرەپ بېكىتىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە،ئاخىرى 1995 ـ يىلىچاڭگې شەھىرى جىيەن فامىلىلىكلەر ئىتتىپاقلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ مىللەت كىملىكى ئەسلىگە قايتۇرۇلغان.

ماتىرىياللاردىن كۆرۈشىمىزچە،1954 ـ يىللاردا جىيەن بوزەننىڭ يىلتىز ئىزلەپ چاڭگېغا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.يىنجاتاڭدىكى جىيەن فامىلىلىكلەردىن ئەۋلادى، كىملىكى ھەققىدە سورالغاندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىز پۇ گوڭ(蒲公)نىڭ ئەۋلادى، يەنى بەزىلىرى دى گوڭ (鼎公) نىڭ ئەۋلادى دېيىشىدىكەن، بۇ ئىسىملاردىن بىز تۆرتىنچى ئەۋلاد چاڭپۇ(常蒲) يەنى خۇنەن«جىيەن فامىلىلىكلەرجورۇڭقايى»دا خاتىرلەنگەن، مىڭ خانىنىڭ يارلىقى بىلەن خېنەنگە ئەمەل تۇتقىلى بارغان چاڭپۇنى(خەنزۇچە يازمىدا دىڭ دىگوڭ چاڭپۇ 常公狄顶蒲دەپ ئېلىنىپتىكەن) ئەسكەئالىمىز. ئۇزاق تارىخى جەريانلاردا يىنجاتاڭدىكىلەر ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، ئەجدادىنىڭ ئىسمىنى غۇۋا ئەستە ساقلىيالىشى ۋە ياكى ئۇنتۇپ كېتىشى تەبىئىي. بىراق بۇيەرگە 1981 ـ يىلى كەلگەن ئۆلكىلىك تەتقىقاتچىلارقايسىلا جىيەن فامىلىلىكتىن، ـ مىللىتىڭ ئۇيغۇرمۇ دېسە، ھەئە، ئۇيغۇر، دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن...ئۇلارنىڭ ئاشۇ غۇۋا ئەسلىمىسىدىن بۆلەك ھېچنىمىسى قالمىغان بولسىمۇ،ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى600يىلدىن بۇيان ئۇنتۇپ قالماي، تارىخنىڭ رەھىمسىزتاسقاشلىرىدا يوقۇلۇپ كەتمەي، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياشاپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنى بىر مۆجىزەدېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ۋاقىت مۇناسىۋتى بىلەن بۇ قېتىملىق سەپىرىمىزگىمۇ چېكىت قويۇلدى، لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇر، جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇر ۋە يىراق غەربى دىيارنىڭ قومۇل بوستانلىقىدىن غايىپ بىر شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن يەنەبىر ئۇيغۇر...ھەر قىسما تەگسىز خىياللار ئىلكىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق، كۆزلىرىمىزدىن بىر خىل قىيالماسلىقنىڭ شولىسى ئەكس ئېتەتتى. بىر بىرىمىزگە چىراي جەھەتتىن ئانچەئوخشىمىساقمۇ،قەلىب چوڭقۇرلىقىمىزدىكى

ئوخشاش تۇيغۇ، تونۇش ھاياجاندا داۋالغۇۋاتقان قانلىرىمىز قايسى بىر تونۇش قىرغاقلارغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقاتتى..

ئاخىرىدا جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بولغا قىسقا ھەم قىممەتلىك سەپىرىمىنىڭ تۈگۈنچىسىنى يىنجاتاڭ ئۇيغۇر كەنتىنىڭ تەشۋىقات تاختىسىغا يېزىلغان ئۇشبۇ قۇرلار بىلەن تاماملاشنى توغرا تاپتىم. ـ

ـ بىز ئۇيغۇرلار ئىنتايىن بۈيۈك مىللەتتۇرمىز، ئۇزاق تارىخنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك جەريانىدا توختىماي ئالغا بېسىپ، توختاۋسىز زورىيىپ قۇدرەت تېپىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇق. بۇنىڭدىكى يۆلەنچۈكىمىز ۋە روھىي تۈۋرۈكىمىز نىمە؟ تايانغان كۈچىمىزنىڭ ئاساسى نىمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئىتتىپاقلىق! ئىتتىپاقلىق دىگەن نىمە؟ ئىتتىپاقلىق قانداقتۇر بىرتوپ كىشىلەرنىڭ توپلىشىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئىتتىپاقلىق كىشىلەر قەلبىنىڭ بىر يەرگە زىچ ئۇيۇشىشىنى كۆرستىدۇ. دۆلەت قۇدرىتىنىڭ چوڭ ۋە كىچىكلىكى يوق ،مىللەت قۇدرىتىنى كۈچىنىڭ ئاز كۆپلىكى بەلگىلىمەيدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى«ئۇيغۇر»دەپ ئاتىغان. بۇ ئىتتىپاقلىق مەنىسىدىكى سۆزنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى قىلىپ تاللىغان!...

2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاخشام قۇرۇن جىگجۇ ئاممىۋىي قاتناش بېكىتىدە لىيۇ رۇنشىن بوۋاي بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىشىپ خوشلاشتۇق، ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا، ماڭا قاراپ: ـ يىگىت، ئۇرۇق ـ تۇغقان دوست ـ بۇرادەرلەر ئالاقىلىشىپ تۇرمىسا ئارىسى يىراقلاپ كېتىدۇ. نەچچە يۈز يىلدا ئاران تېپىشتۇق، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك، شىنجاڭغاقايتقاندىن كېيىن بىزنى كۆپرەك تەشۋىق قىلغىن، ئانا يۇرتىمىزدىكى تۇغقانلىرىمىزمۇ يىراق بىر ماكاندا ئۆزلىرىنى نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدىن كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن! بىزنى يوقلاپ كەلسۇن، بىزمۇبېرىپ تۇرايلى... ئالاقە ئارقىلىق ئۆز كىملىكىمىزنى تېخىمۇ يارقىن جەۋلان قىلدۇرىشىمىز لازىم... خەيىر، بىز يەنە كۆرۈشكىچە بۇ جېنىم تېنىمدە بارمۇ يوق ،ئامان

بولغىن، ئاق يول بولسۇن...دېگىنىچە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا جىڭجۇ بېكىتىدىكى مىغ-مىغ كىشىلەر توپىغا كىرىپ غايىپ بولدى.

4-ئاينىڭ 12-كۈنى لوياڭدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ساۋاغداشلار بىلەن خوشلۇشۇپ قومۇلغا قايتتۇق.ساۋاغداشلىقنىڭ مېھرى ئاجايىپ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.لوياڭ پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە ھاياتىمدىكى تۇنجى خەنزۇچە شېئىرنى يازغان بوپتىمەن، شېئىرىم مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئوقۇپ ئۆتتۈلدى. مېنىڭ خەنزۇچە شېئىر يازغانلىقىمنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلىرىم ھەيران بولۇپ ماڭا قارىسا،چاقچاق قىلىپ، ئىلگىرى لوياڭدا نۇرغۇنلىغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن، مەنمۇشۇ پۈرسەتتە ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلارغا بولغان مۇھەببىتىمنى بىلىپ، بىلمەي خەنزۇچە ئىپادىلەپ قالدىم، قارىغاندا ماڭا ئۇلارنىڭ يۇرتىنى سېغىنغان سەرسان روھى چاپلاشقان ئوخشايدۇ، دېدىم. بۇ قېتىملىق سەپەر ھاياتىمدىكى ھەقىقى بىر ئۇنتۇلماس سەپەر بولدى ۋە ئارمانلىرىم سەھىپىسىگە يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار قېتىلدى. مەن چوقۇم كەيفىڭ، يۇننەن، خېيلوڭجاڭ...لاردىكى قېرىنداشلىرىمنى يوقلاشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم،ئۇ يەرلەردە يەنە قانداق مۆجىزىلەرنىڭ بىزنى كۈتىۋاتقانلىقىنى شۇ زىمىنلارغا قەدەم باسقاندىلا ئاندىن بىلەلەيمىز....

پايدىلانغان ماتېرىياللار:① « لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار جورۇڭقايى»② چاڭگې شەھىرى [1996]يىل 1-نومۇرلۇق چاڭگې شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھۆججەت، چاڭگې شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن [1999] يىل 13-نومۇرلۇق يىنجاتاڭ كەنتىدىكى جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تەركىبى مەسىلىنىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى ھۆججەت،تاۋيۈەن ناھىيەسى چۈشۈرگەن[1999]-يىل 1-نومۇرلۇق خۇنەن جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بىلەن خېنەندىكى جىيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى ھۆججەت.③ مىيەنچى ناھىيە يىلىخې ئۇيغۇر كەنتى جەمەت قەبرىستانلىقىدىكى 3 تال مەڭگۈ تاش ۋە چاڭگې يىنجاتاڭدىكى مەڭگۈ تاشلار.